# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

8



— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

مۇقاۋا رەسىمىنى سىزغۇچى : مەمەت ئابدۇرېھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ISBN 978-7-228-12033-8
9 787228 120338 >
定价：12.00元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## 8

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事. 8:维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.11
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978—7—228—12033—8

Ⅰ.维… Ⅱ.维… Ⅲ.维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 177982 号

| | |
|---|---|
| 策　　划 | 阿不都热合曼·艾白，艾合买提·伊明 |
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 阿布勒孜·阿巴斯 等 |
| 封面设计 | 买买提·诺贝提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 5 |
| 版　　次 | 2008 年 11 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 11 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 12.00 元 |

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 8


نەشرگە تەييارلىغۇچى : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
پىلانلىغۇچىلار : ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5
نەشرى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1—5000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12033—8
باھاسى : 12.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۈمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئېسىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن يامانىنى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۈكلۈك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئويغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېستېتىكىلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق

چۆچەكلەرنىڭ خەلق تۇرمۇشى بىلەن قان ـ گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كېلىۋېتىپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتمەي داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىنىدى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەنىدى. 80 ـ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىنىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


ئىناق دوستلار ........................ 1

دۇئا ئالغان كەنجى ئوغۇل ................. 22

ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى ..................... 41

پەرى قىز بىلەن تازنىڭ ھېكايىسى ........... 56

موزدۇز بىلەن شاگىرت .................... 78

قانخور مەلىكە .......................... 83

ياخشىلىق يەردە قالماس ................... 118

پادىشاھ بىلەن يوھا ..................... 139

# ئىناق دوستلار

قەدىمكى ئىدىقۇت خانلىقىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدا بىلىملىك ھېسابلىنىدىغان بىر ۋەزىرى بولغانىكەن. شاھ ئەنە شۇ ۋەزىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە، دانالىقىغا تايىنىپ شاھلىق قىلىدىكەن. ئۆزى شاھ بولۇپ يۇرت سورىغىنى بىلەن، ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان قارىتۇرۇك ئىكەن، جېدەل-ماجىرالارنىمۇ بىر تەرەپ قىلالمايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە دانىشمەن ۋەزىر شاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شاھ ئالىيلىرى، بىلىم ئادەمنىڭ كۆزىنى روشەن قىلىدۇ، بىلىملىك ئادەمنىڭ كۆڭلى يورۇق بولىدۇ. بىلىمسىز ئادەم خۇددى قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي تېنەپ-تەمترەپ قالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، بىلىمسىز ئادەم ئۆزىنىلا كۆرەلەيدۇ، بىلىملىك ئادەم پۈتۈن ئىقلىمنى كۆرەلەيدۇ. بىزگە شاھلىق، ۋەزىرلىك ئۆمۈرۋايەت باقىمەندە ئەمەس، چۈنكى ئادەم چەكلىك ئۆمۈر كۆرىدۇ، بەزىدە ئۇرۇش-يېغىلار بولۇپ، شاھلىق تەختىدىن ئايرىلىپمۇ قالىدۇ. دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتىمۇ يەنىلا بىلىم، ئىلىم-ھېكمەت كېرەك بولىدۇ. پەرزەنتلىرىمىز ئۈستىدە ئويلىنىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئۇلۇغ شاھىم، مۇۋاپىق كۆرسىلە، ھەر ئىككىمىز ئوغۇللىرىمىزنى ئوقۇتۇپ موللا قىلايلى، ئۇلار ئوقۇپ بىلىم ئىگىلىسۇن.

بۇ تەكلىپ شاھقا يېقىپتۇ. بۇ ئەلدە بىلىملىك ئۇستاز دەپ تونۇلغان بىر زات بار ئىكەندۇق، شاھ بىلەن ۋەزىرنىمۇ سىلىھەتلىشىپ، شۇ ئۇستازنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىشقا ئېپچىلىپ، ئۆز مۇددىئالىرىنى بايان قىپتۇ. ئۇ ئۇستازمۇ «بۇ ساۋابلىق ئىش ئىكەن» دەپ، تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شاھمۇ، ۋەزىرمۇ ئۆز ئوغۇللىرىنى بۇ ئۇستازغا تاپشۇرۇپتۇ. دەرس باشلىنىپتۇ. شاھنىڭ ئوغلى ھاماقەترەك ئىكەن، بىلىم ئېلىشقا قىزىقمايدىكەن، پەقەت شاھ ئاتىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەنلا مەجبۇرەن ئوقۇيدىكەن. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ناھايىتى زېرەك، ئەقىللىق بالا ئىكەن. ئۇ ئۇستازىنىڭ بەرگەن دەرسلىرىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ تىڭشايدىكەن. شاھنىڭ ئوغلى ساۋاق بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، باغلارغا كىرىپ ئويۇن ـ تاماشا قىلىدىكەن، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزمەي، كۆڭۈل قويۇپ دەرس تەكرارلايدىكەن. شۇ تەرىقىدە بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوقۇش تاماملىنىپتۇ. بەش يىل ئىچىدە شاھنىڭ ئوغلى ناھايىتى ئاددىي نەرسىلەرنىلا بىلىۋاپتۇ، مۇھىم دەرسلەر ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كەتكەچكە، ھېچقانچە بىلىم ئىگىلىيەلمەپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى بولسا، دەرسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەچكە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلەپتۇ، ھەتتا قۇشلار تىلىنىمۇ بىلىۋاپتۇ. قۇشلار تىلىنى ئۆگەنگەن ئادەم قۇشلارنىڭ دېيىشىۋاتقان گەپلىرىنى پەقەت ئۆزىلا بىلىشكە بولىدىكەن، قۇشلار تىلىنى بىلمەيدىغانلارغا دەپ بېرىشكە بولمايدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، دەرسلەر تۈگىگەندىن كېيىن ئۇستاز ئوردىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، شاھ بىلەن ۋەزىرگە ئوغۇللىرىنىڭ ئوقۇشنى تاماملىغانلىقىنى بايان قىپتۇ ۋە:

— ئىككى ئوغۇلنى ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ. ئۆگەنگەنلىرى كۆپ، لېكىن بۇ بىلىملەرنىڭ ھەقىقىيلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرگىنى يوق. مېنىڭچە، بۇ ئوغۇللار دۇنيانى يەنىمۇ تونۇشى ئۈچۈن جاھان كېزىپ، ئۆز ئالدىغا يۇرت ئايلىنىپ كەلسە، — دەپتۇ.

ئۇستازنىڭ بۇ تەكلىپى ۋەزىرنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ يېقىپتۇ، لېكىن شاھ ئۆز ئوغلىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، يۇرت سوراش بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئۇستازنى شاھ نۇرغۇن ئىنئام بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپ، كۈندە ئۆز ئوغلىنى تەخت يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يۇرت سوراشنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋەزىر يول خىراجىتىنى غەملەپ، ئوغلىنى سەپەرگە ئاتلاندۇرماقچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئويۇن خۇمار شاھ ئوغلى يۇرت ئارىلاشنى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن، دەپ تونۇپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىشقا شاھ ئاتىسىدىن ئىجازەت سوراپتۇ. شاھ ئۇنىماپتۇ. ئەمما، شاھزادە بەك يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ تۇرىۋالغانلىقتىن، ئاخىر مۇشكۈلدە قوشۇلۇپتۇ. سەپەر تەييارلىقى پۈتۈپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن شاھزادە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. بۇ چاغدا ھەر ئىككىسى ئون سەككىز ياشتىن ھالقىغان بولۇپ، بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقانىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىگە مۇلازىم بالىلارنىمۇ ئالماپتۇ. دانىشمەن ۋەزىر ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويىدىغان چاغدا ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ، ھەر ئىشتا ئېھتىياتچان، سەگەك، ھوشيار بولۇشنى، شاھزادىنى ھۆرمەتلەشنى ۋە قوغداشنى تاپىلاپتۇ. شاھزادە بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر يەرگە بارغاندا كەچ كىرىپ-

تۇ. ئۇلار بىر ئورمانلىقنىڭ چېتىدە بىر تۈپ چىنار دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئارام ئاپتۇ. ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەچكە، شاھزا-دە يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى كەچكى سەپۈن تۇرنىڭ قارىغىنىچە سەپەر تەسىراتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپىرىنى قانداق بېسىش توغرىسىدا ئويلىنىپ جىممىدە يېتىپتۇ. بىر چاغدا چىنار شېخىغا ئىككى شاتۇتى پۇررىدە ئۇچۇپ كېلىپ قو-نۇپتۇ، ئۇلار تۇزدەك چىرايلىق شاتۇتىلار ئىكەن. ۋەزىرنىڭ ئوغ-لى جىممىدە قاراپ ياتسا، شاتۇتىلاردىن بىرى ئۆز ھەمراھىغا قاراپ:

— مۇشۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، يول جاپا-سىنى يالغۇز شۇلا تارتىۋاتىدۇ. شاھزادە ھېچنېمە بىلەن كارى يوق، يېيىشنى ۋە ئۇخلاشنىلا بىلىدۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا ئې-غىر بىر يۈك بولىدۇ ئۇ ھاماقەت، — دەۋاتقۇدەك. ۋەزىرنىڭ



ئوغلى يەنە قۇلاق سالسا، يەنە بىر شاتۇتىمۇ بۇنى قۇۋۋەتلەپ:

— راست، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ناھايىتى ئەقىللىق ھەم بىلىملىك. بۇلار سەپىرىدە چوڭ بىر كۆلگە دۇچ كېلىدۇ. كۆلنىڭ تەكتىدە دىۋە ئەپقېچىپ ئەكېلىۋالغان ساھىبجامال بىر مەلىكە بار. ئۇ يىراق بىر مەملىكەت پادىشاھىنىڭ قىزى. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئوغۇل بالا بولسا، كۆلنىڭ شەرقىي چېتىگە بېرىپ قۇمغا كۆمۈپ قويۇلغان ئەڭگۈشتەرنى تاپىدۇ، شۇ ئەڭگۈشتەرنى قولىغا ئالالىسا، كۆلنىڭ تەكتىگە چۈشۈپ مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ، — دەۋاتقۇدەك.

شاتۇتىلار شۇ پاراڭلارنى قىلىشقاندىن كېيىن پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى ھېلىقى شاتۇتىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىچارە ساھىبجامال مەلىكىگە بەكمۇ ئىچى ئاغرىپتۇ، ئۇنى قانداق قىلىپ بولسۇن قۇتقۇزۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. ئۇلار ناشتا قىلىۋېلىپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ ماڭا - ماڭا، دەل كۈن چۈش بولغاندا بىر كۆل بويىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار قارىغۇدەك بولسا، بۇ ناھايىتى چوڭ ھەم سۈيى تېرەن كۆلمىش. ئەتراپىدا دەل - دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرارمىش. شاھزادە بۇ ھاۋاسى سالقىن جاينى كۆرۈشى بىلەنلا دەررۇ دەرەخ سايىسىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ دېمىنى ئاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى كۆلنىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈپ قۇملۇقنى ئاختۇرۇپ، شاتۇتى دېگەن ئەڭگۈشتەرنى ئاخىر تېپىپتۇ، قىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ يولى ئېچىلىپتۇ. بىراق، شاھزادە كۆلنىڭ تەكتىگە چۈشۈشكە ئۇنىماپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا ئوغۇل بالا دېگەن جەسۇر، مەردانە بولۇشى

كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ھەرقانچە سۆزلىسىمۇ شاھزادە ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئاخىر ئۇنى سۆرەپ سۇغا چۈشۈرۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ قولىدا ئەڭگۈشتەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار كۆلگە قەدەم بېسىشى بىلەنلا سۇ ئىچىدە ئازادە يول ھاسىل بوپتۇ. ئىككىسى شۇ يول ئارقىلىق ئۇدۇل كۆلنىڭ تەكتىگە چۈشۈپتۇ. كۆلنىڭ تەكتىدە ھەيۋەتلىك سېلىنغان بىر ئىمارەت باردەكمىش. بۇنداق كۆركەم سېلىنغان ئىمارەتنى ئۇ زاماندا دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدىن تاپقىلى بولماسمىش. ئىمارەتنىڭ پەلەمپەيلىرى مەرۋايىتتىن، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ياقۇتتىن، تاملىرى ئۇلار ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئېسىل نەرسىلەردىن ياسالغانمىش. ئۇلار مەرۋايىت پەلەمپەيىنى دەسسەپ، ياقۇت ئىشىكتىن ئىچكىرىگە كىرىپتۇ. كىرىپ قارىسا، ھەربىر ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىدا شام چىراغلار يېنىقلىق تۇرغۇدەك. شاھزادە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا قاپتۇ. ئۇلار كۆرە ـ كۆرە ئاخىر خۇددى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ناھايىتى چوڭ، ئازادە بىر ئۆيگە كىرىپ قاپتۇ. شاھزادە يەنە يەرگە سېلىنغان، تاملارغا ئېسىلغان گىلەملەرگە، دېرىزىلەرگە تارتىلغان مەخمەل پەردىلەرگە ھاڭۋېقىپ قاراپ قاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى سەگەكلىك بىلەن ئەتراپقا قارىسا، ئاي دېسە، ئاي ئەمەس، كۈن دېسە، كۈن ئەمەس ساھىبجامال بىر قىز مۈگدىنىپ ئولتۇرغۇدەك. ساھىبجامال قىز ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى سالام بەرگەندىن كېيىن، سالماقلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، شاھزادە دوستى بىلەن بىرگە بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. قىز بىرئاز



www.uyghurkitap.com

ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئەي شاھزادىلەر، مېنىڭ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارغا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. بۇ يەر تىلسىمات قىلىنغان جاي. ھازىر دىۋە يېتىپ كەلسە، سىلەرنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىدۇ. بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىپ، جېنىڭلارنىڭ ئاغىسىنى قىلىڭلار، — دەپتۇ.

— ئەي ھۆرمەتلىك مەلىكە، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى، — بىز مۇشۇنداق خەۋپكە تەۋەككۈل قىلىپ بۇ يەرگە چۈشتۇق، دىۋە بىلەن جەڭ قىلىپ، سىزنى بۇ كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرماقچىمىز.

شاھزادە مەلىكىنى بىر كۆرۈشى بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. لېكىن، مەلىكىنىڭ بۇ يەر ۋەھشىي دىۋىنىڭ ماكانى، تېزرەك جېنىڭلارنىڭ ئاغىسىنى قىلىڭلار، دېگەن مەزمۇندىكى گېپىنى ئاڭلاپ، قورققىنىدىن دوستىنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— بۇ ئەجەل ماكانىدىن تېزرەك چىقىپ كېتەيلى، تېز بول، ماڭا يول باشلا، — دەپتۇ.

— ئالدىرىما، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى، — مەن ئەقىل - پاراسەتنىڭ ھەرقانداق ۋەھشىي مەخلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. قورقۇنچاقلىق ئۆلۈمنىڭ بەلگىسى، قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

— ئۇنداق بولسا، سەن مەشەدە قال، مەن كېتىمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

مەلىكە ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ جاسارىتىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپتۇ، شاھزادىنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن يىرگىنىپتۇ. شاھزادە «كېتىمەن» دېگىنى بىلەن كېتەلمەيدىكەن، چۈنكى ۋەزىرنىڭ ئوغلى يول باشلىمىسا، ئۇ ھېچ يەرگە كېتەلمەيدىكەن.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى مەلىكىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قېلىش سە-

ۋەبىنى ئاڭلاپتۇ... مەلىكە بۇ يەردىن ئون كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزى بولۇپ، توي كۈنى دىۋە قارا بوران چىقىرىپ كېلىپ، ئۇنى ئەپقېچىپ بۇ يەرگە ئەكېلىۋالغان ئىكەن. دىۋە باشقا ھۇجرىدا ئۇخلايدىكەن، ھەر ئۇخلىغاندا قىرىق كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلايدىكەن، ئاندىن ئوزۇق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كېتىدىكەن، ھەر قېتىم سىرتقا چىقسا، ئۈچ ـ تۆت كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلىدىكەن.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى شاھزادىنى بىر ئۆيگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى دىۋە تۇرىدىغان ئۆيگە بىر ئۆڭكۈر كولاپتۇ، ئاندىن ئۇستىگە قاپقاق بېكىتىپ، گىلەم سېلىپ قويۇپتۇ، ئۆزى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ، دىۋىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

بىر چاغدا قارا بوران چىقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، دىۋىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن شەپە بېرىپتۇ. ھايال ئۆتمەي دىۋە ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ئەتراپقا زەن قويۇپ قاراپتۇ، تىڭ ـ شاپتۇ، پۇراپتۇ. ئۇ تەلەتى يىرگىنچلىك ھەم قورقۇنچلۇق، بو ـ يى ئاتمىش گەزدىن ئېگىز كېلىدىغان مەخلۇق ئىكەن. شاھزا ـ دە دىۋىنىڭ ئۆزىنى كۆرمەي، شەپىسىنى ئاڭلاپلا قورقىنىدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قاپتۇ. دىۋە مەلىكىدىن بۇ يەرگە ئا ـ دەمزاتنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سوراپتۇ، مەلىكە كەل ـ مىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

دىۋە شۈبھىلىنىپ، ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراپ، يەنە بىر قېتىم پۇراپ بېقىپ:

— ئادەمزاتنىڭ پۇرىقى كېلىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىزىقكەنسىز، — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ مەلىكە، — سىز ئەپقېچىپ ئەكېلىۋالغان مەلىكە ئادەمزاتمۇ يا ـ كى ئىنسۇ جىنمۇ؟




كىتاب تورى بېكىتى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

دىۋە بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بوپتۇ ـ دە، ئۇخلاپ قاپتۇ. ھايال ئۆتمەي دىۋىنىڭ قاتتىق خورەك تارتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى پەملەپ ئاستا ئۆڭكۈردىن چىقىپ، قىلىچ بىلەن دىۋىنىڭ بېشىغا چېپىپتۇ. دىۋە بىر قىلىچ بىلەن ئۆلىدىغان مەخلۇق ئەمەس ئىكەن. ئەتراپ دىۋىنىڭ قىزىل قېنى بىلەن بويىلىپتۇ. دىۋە چاچراپ قوپۇپ، دەھشەتلىك ھۆركىرەپ ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا تاشلىنىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى دەل دىۋىنىڭ بويىنىنى نىشانلاپ ئىككىنچى قىلىچنى ئۇرۇپتۇ. دىۋە ھالسىراپتۇ، لېكىن جان تالىشىپ، تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا شۇنداق تاشلىنىپتۇكى، ۋەزىرنىڭ ئوغلى چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى تۈۋرۈكنىڭ كەينىگە دالدىغا ئالغانىكەن، دىۋە تۈۋرۈككە ئۇرۇلۇپ، تۈۋرۈك غاراسلاپ سۇنۇپ كېتىپتۇ. ئاڭغىچە ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۈچىنچى قېتىم قىلىچ ئۇرۇپ دىۋىنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. دىۋە ئۆلۈپتۇ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىمۇ چارچاپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ سەل ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، شاھزادىنى چىقىشقا دەۋەت قىپتۇ. شاھزادە غال ـ غال تىترەپ، چىقىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ چىقىپتۇ. لېكىن، ئۇ دىۋىنى كۆرۈپلا يەنە كەينىگە داجىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا دىۋىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىنلا ئاندىن سەل خاتىرجەم بوپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ھېلىقى ئۆڭكۈرگە دىۋىنى كۆمۈپ تاشلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كۆل تەكتىدە بىر مەزگىل تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە سىرتقا چىقىپ چاچ تارىماقچى بوپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئېھتىيات قىلىشنى تاپىلاپ، ئىجازەت بېرىپتۇ. مەلىكە ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ كۆل بويىغا چىقىپ، ئەڭگۈشتەرنى

تاش ئۈستىگە قويۇپ،
چېچىنى تاراشقا كىرىش-
شىپتۇ. بۇ چاغدا باشقا
بىر يۇرت پادىشاھىنىڭ
شاھزادىسى شىكارغا چى-
قىپ، بۇ كۆل بويىدىن
ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن.
بۇ شاھزادە مەلىكىنى
يىراقتىن كۆرۈپ قېلىپ،
شۇنداق بىر قاراپلا
ھۆسن - جامالىغا ئاشىق
بولۇپ، ھوشىدىن كېتىپ-
تۇ. قىز چېچىنى تاراپ
بولۇپ، ئەگۈشتەرنى ئې-
لىپ كۆلگە قايتىپ چۈ-
شۈپتۇ. ھېلىقى شاھزادە
بىلەن بىللە شىكارغا
چىققان نۆكەر يىگىتلەر
ئاتلىق يېتىپ كېلىپ قا-
رىسا، شاھزادە ئاتتىن يى-
قىلىپ، يەردە بىھوش يات-
قۇدەك. نۆكەر يىگىتلەر
شاھزادىنى يۆلەشتۈرۈپ
ئاتقا مىنگۈزۈپتۇ. شاھزادە
پەقەت: «قىز... قىز...»
دېگەندىن باشقىنى بىل-
مەيدىكەن. نۆكەر يىگىتلەر



www.uyghurkitap.com

ئەتراپقا قارىسا، كۆلدىن، دەل ـ دەرەخلەردىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ. شاھزادىنى شەھەرگە ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ ھوشىغا كېلىپلا يەنە: «قىز... قىز...» دېگەننىلا تەكرارلايدىكەن. پادى-شاھ ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بۇنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن بىر پالچى تېپىپتۇ. پالچى پال ئېچىپ، شاھزادىنىڭ كۆل بويىدا ساھىبجامال بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتكە پەرمان جاكارلاپ، كىم شۇ قىزنى تېپىپ كەلسە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىپتۇ. بۇ مەملىكەتتە ناھايىتى يامان بىر جادۇگەر موماي بار ئىكەن. ئۇ بۇ جاكارنى ئاڭلاپ ئوردىغا كېلىپ، قىزنى چوقۇم تېپىپ ئەكېلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىپتۇ.

جادۇگەر موماي تۆت نۆكەرنى ئېلىپ كۆل بويىغا كې-لىپ، ئورا كولاپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە يەنە كۆل بويىغا چىقىپ، ئەڭگۈشتىرىنى تاش ئۈستىگە قويۇپ قو-يۇپ، چاچ تاراشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ماراپ ياتقان جادۇگەر موماي ئاستا ئوردىن چىقىپ، تۈيدۈرماي كېلىپ ئەڭگۈشتەر-نى قولىغا ئېلىۋاپتۇ، نۆكەرلەر ئوردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ مە-لىكىنى تۇتۇۋاپتۇ، چۈنكى ئەڭگۈشتەر بولمىغاچقا، مەلىكە كۆل ئىچىگە چۈشۈشكە ئامالسىز قالغانىكەن.

جادۇگەر موماي قىزنى تۇتۇپ بېرىپ، پادىشاھتىن نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام ئاپتۇ. پادىشاھ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قى-رىق كېچە ـ كۈندۈز توي باشلاپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن شاھزادە خېلىغىچە ساقلىغان بولسىمۇ، مەلىكە كۆلگە قايتىپ چۈشمىگەندىن كېيىن ۋەزىر-نىڭ ئوغلى ئەنسىرەپ، شاھزادىگە سىرتقا چىقىپ ئىزدەپ بې-قىشنى مەسلىھەت قىپتۇ. لېكىن، شاھزادە ھۇرۇنلۇق قىلىپ سىرتقا چىقىشقا ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ۋەزىرنىڭ ئوغلى سىرتقا چى-

قىپ قارىسا، مەلىكە يوق تۇرغۇدەك. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئاياغ ئىزىنى بويلاپ مېڭىپ، ماڭە ـ ماڭە بىر شەھەرگە يېتىپ كې- لىپ قاپتۇ. شەھەردە ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىۋاتقۇدەك. ۋە- زىرنىڭ ئوغلى شەھەر سىرتىدا بىر دېھقان يىگىتتىن ئەھۋال ئۇقۇشۇپتۇ. دېھقان يىگىت:

— شەھەردە هازىر شاهزادىنىڭ تويى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ ئىلگىرى بىر كۆل بويىدا بىر پەرىزاتقا ئاشىق بولغانىكەن. بىر موماي بېرىپ پەرىزاتنى تۇتۇپ ئەكەلدى. پەرىزات بۇ تويغا بەك نارازى ئىكەن، مەجبۇرىي توي بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى بۇ يىگىتكە ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆت- كەن ئىشلارنى ۋە بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن دېھقان يىگىت ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىپتۇ. بۇ يىگىتنىڭ شاھ ئوردىسىدا ئىش- لەيدىغان كېنىزەك سىڭلىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقى- لىشىپ مەسلىھەتنى پىشۇرۇپتۇ، ئاتلارنىمۇ تەييار قىلىپ قو- يۇپتۇ. دېھقان يىگىت ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى كېنىزەك سىياقىدا ياساندۇرۇپ، سىڭلىسىغا تاپشۇرۇپتۇ. سىڭلىسى ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇ ئۇ يەردە ئىككى كۈن ئىشلەپ، باشقا كېنى- زەك، ئاغىچا ـ خېنىملارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپتۇ، ئاخىر مەلىكە بار ئۆيگىمۇ كىرەلەيدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى بۇ «كېنىزەك» مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا پى- چىرلاپ، ئۆزىنىڭ ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى مەل- كىگە ئاستا شىۋىرلاپ:

— سىز يالغاندىن شاھزادىگە ماقۇل بولۇپ ئۇنىڭ ئى- شەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرۈڭ. ئاندىن مەن بىلگە بەرگەن كۈنى باغقا چىقىپ سەيلە قىلىشقا ئىجازەت

سوراڭ، — دەپتۇ. تولا يىغلاپ چىراي ئاچمىغان مەلىكە چىراي ئېچىپ، شاھزادىگە ماقۇل بوپتۇ. شاھزادە بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. مەلىكە يېقىنلىشىپ يۈرۈپ ئاخىر ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ، ئىككىنچى كۈنى باغدا سەيلە قىلىشقا ئىجازەت سوراپتۇ، شاھزادە ئىجازەت بېرىپتۇ. باغ سەيلىسىگە كېنىزەك قىياپىتىگە كىرىۋالغان ۋەزىرنىڭ ئوغلىمۇ بىرگە چىقىپتۇ. ئۇلارغا كۆز - قۇلاق بولۇپ چىققان يەنە باشقا مۇلازىم ئاياللارمۇ بار ئىكەن، ئۇلارنى باغ ئىچىدە ئېزىقتۇرۇۋېتىپتۇ. باغ تېمىنىڭ ئۇ تەرىپىدە دېھقان يىگىت بىر ئاتنى تەييارلاپ تۇرغانىكەن، ۋەزىرنىڭ ئوغلى بەلگە بېرىشى بىلەن تەڭ مەلىكىنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ، ئاتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. قېچىشتىن ئىلگىرى، چېنىپ قالماسلىق ئۈچۈن يىگىتنىڭ سىڭلىسىنى بىر ئالما دەرىخىگە مەھكەم باغلاپ قويۇپتۇ. ئۇلار قېچىپ كېتىشى بىلەن ھېلىقى ماراقچى ئاياللار يېقىنلاپ قاپتۇ. دېھقان يىگىتنىڭ سىڭلىسى شۇ چاغدىلا:

— ئادەم بارمۇ؟! ئۇلار قاچتى! قاچتى! — دەپ توۋلاپتۇ. ئاياللار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ كېنىزەكنى يېشىپتۇ. ئوردا ئىچى ئۆرىتۆپە بولۇپ كېتىپتۇ. قاچقۇنلارنى دەرھال كەينىدىن قوغلاپتۇ، لېكىن يېتىشەلمەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ، ساق - سالامەت كۆلگە قايتۇرۇپ ئەكەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى مەلىكىگە نۇرغۇن نەسىھەت قىلىپ، ئۆز دوستى شاھزادىگە ياتلىق بولۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ، مەلىكە بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ، چۈنكى ئۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى ياخشى كۆرىدىكەن. ۋەزىرنىڭ ئوغلى سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا يېلىنىپ:

— مەلىكە، مەن بۇنى بىلىمەن، لېكىن شاھزادە سىزنى

ياخشى كۆرىدۇ. بۇ دۇنيادا ئۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم بولىدۇ. مەن ئۆز دوستۇمغا سادىق بولۇشۇم كېرەك. ئۇنىڭ خۇشاللىقى — مېنىڭ خۇشاللىقىم، ئۇنىڭ قايغۇسى مېنىڭ قايغۇم. مېنىڭ دوستۇم سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئىزدىسىڭىز، شاھزادىگە ماقۇل دەڭ، — دەپ يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ، ئاندىن قائىدە بويىچە ئاۋۋال شاھزادىلەرنىڭ تويىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ۋەزىرلەرنىڭ ئوغلىغا نۆۋەت كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

مەلىكە ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئاخىر ئىلاجسىز شاھزادىگە ياتلىق بولۇشقا قوشۇلۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇلار يول تەييارلىقىنى قىلىپ كۆلدىن چىقىپ، ئۆز شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ، تاغ - داۋانلار ئېشىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. مېڭىپ يېرىم يولغا كەلگەندە، بىر چاپارمەن بۇلارغا شاھنىڭ خېتىنى يەتكۈزۈپتۇ. خەتتە شاھ ئۆز ئوغلىنىڭ بىر ساھىبجامال مەلىكىنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ خۇشال بولغانلىقىنى، قارشى ئېلىشقا شەخسەن ئۆزى ئالدىغا چىقىدىغانلىقىنى يازغانىكەن. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ كۈندە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئوردىغا سالام يوللاپ، چاپارمەننى يولغا سېپتۇ. ئۇلار يەنە بىر كۈن مېڭىپ، ئاخشىمى بىر يەرگە كەلگەندە دەم ئاپتۇ. شاھزادە يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ. مەلىكە كەچكى شەپەق نۇرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئويلاپ جىممىدە ياتسا، بېشى ئۈستىدىكى چىنار شېخىغا يەنە بىر جۈپ شاتۇتى ئۇچۇپ كېلىپ قونۇپتۇ. بىر شاتۇتى مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي... ھازىر شاھزادىنىڭ ھاياتىغا قارا كۆلەڭگە

چۈشتى. شاھ ئاتىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەۋاتىدۇ.

— ئاتىسى ئۆز ئوغلىنى قەستلەۋاتامدۇ؟ — ھەيران قالغان ھالدا سوراپتۇ ئىككىنچى شاتۇتى.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، شاتۇتىلارنىڭ پاراڭىغا قۇلاق ساپتۇ.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دەسلەپ گەپ باشلىغان شاتۇتى، — دانىشمەن ۋەزىر ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھاماقەت بىر ئادەم ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەزىر بولدى. ھازىر زامان زورنىڭ بولۇپ كەتتى. پادىشاھمۇ يولدىن چىقتى. مانا بىر ساھىبجامال مەلىكىنى دەپ، پادىشاھ ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

— لېكىن، — دەپتۇ ئىككىنچى شاتۇتى، — ئىنسانلار ئارىسىدا مەرھۇم دانىشمەن ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ ئوغلىدەك ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەملەر ئاز ئەمەسقۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، — دەپتۇ دەسلەپ گەپ باشلىغان شاتۇتى، — لېكىن ھازىر شاھزادىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان تۆت خەۋپ بار. بىرىنچى خەۋپ، شاھ ئوغلىنى قارشى ئالغىلى چىققاندا ئۇنىڭغا ئۆگىتىلمىگەن شاش ئات سوۋغا قىلىدۇ. شاھزادە ئۇنى مىنگەن ھامان ئات ئۇنى يەرگە ئېتىپ دەسسەپ - چەيلىۋېتىدۇ، ئەگەر ۋەزىرنىڭ ئوغلى مىنسە، شاش ئات ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ئىككىنچى خەۋپ، شاھ ئوغلىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن بىر زىننەت دەرۋازىسى ياساتتى. ئەگەر شاھزادە بىرىنچى بولۇپ دەرۋازىدىن كىرىدىغان بولسا، دەرۋازا ئۆرۈلۈپ، ئۇنى بېسىپ ئۆلتۈرىدۇ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىرىنچى بولۇپ كىرسە، شاھزادە خەۋپتىن قۇتۇلىدۇ. ئۈچىنچى خەۋپ، شاھ ئوغلىنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ، بىرىنچى بولۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا تاماق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ زەھەر سې-

لىنغان تاماق، شاھزادە ئۇنى يېگەن ھامان ئۆلىدۇ، ئەگەر ۋەزىرنىڭ ئوغلى بۇ قاچىنى ۋاقتىدا ئۆز ئالدىغا تارتىۋالسا، شاھزادە خەۋپتىن قۇتۇلىدۇ. تۆتىنچى خەۋپ، شاھ تۇغۇلغان كۈنى ھوجرىسىغا بىر زەھەرلىك يىلاننى ئەكىرىپ قويىدۇ، كېچىسى ئۇخلاپ قالغاندا يىلان چىقىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئەگەر ۋەزىرنىڭ ئوغلى راستتىنلا شاھزادىنىڭ ھەقىقىي دوستى بولسا، كىرىپ بۇ يىلاننى ئۆلتۈرىۋەتسە، شاھزادە ئامان قالىدۇ. ناۋادا بۇ ئىشلارنى ۋەزىرنىڭ ئوغلى خەققە ئاشكارىلاپ قويسا، ئۆزى تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

— تاشقا ئايلىنىپ كەتسە، كېيىن قانداق بولىدۇ؟ — قىزىقىپ سوراپتۇ يەنە بىر شاتۇتى.

— ئەگەر شاھزادىمۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ ھەقىقىي دوستى بولسا، تۇنجى بالىسىنى بوغۇزلاپ، تاش ئادەمگە قېنىنى تامغۇزسا، ئەسلىگە كېلىدۇ.

شاتۇتىلار شۇ پاراڭلارنى قىلىشقاندىن كېيىن، يەنە پەررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىغا چەكسىز قايغۇرۇپتۇ، باشقىلارغا تۇيدۇرماي، ئىچىدە ئۈنسىز يىغلاپتۇ، كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇپ يىغلاپتۇ، يىغلاپتۇ، يىغلاپ ئولتۇرۇپ، دانىشمەن ئاتىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىپتۇ، ئاندىن دوستى شاھزادىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالا ـ قازالارنى ئويلاپ غەمگە چۆكۈپتۇ...

ئۇلار شۇ يەردە قونۇپ، ئەتىسى قوپۇپ يەنە بىر كۈن مېڭىپتۇ. ئۆگۈنلۈكى قارشى ئالغىلى ئالدىغا چىقىشقان شاھ ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇنايلار چېلىنىپتۇ، ئالقىش سادالىرى ياڭراپتۇ.

شاھ ئوغلىنىڭ ئالدىغا شايى يوپۇق يېپىلغان توسۇن ئاتنى

كەلتۈرۈپتۇ. شاھزادە خۇشال بولۇپ ئاتنى مىنمەكچى بوپتۇ، لېكىن ۋەزىرنىڭ ئوغلى چاققانلىق قىلىپ دەررۇ ئاتنى مىنىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توسۇن ئات ئۆز «ھۇنىرى»نى كۆرسىتىشكە ئامالسىز قاپتۇ. لېكىن، بۇ ئىش شاھزادىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يىل بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلار بولغاچقا، ئاغىنىدارچىلىق يۈز - خاتىرسىنى دەپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

كۆپ ئۆتمەي شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ھېلىقى ھەشەمەتلىك زىننەت دەۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە ئۇلارنى مىڭلىغان كىشىلەر زىننەت دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئالقىش سادالىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. شاھ ئوغلىنى زىننەت دەرۋازىسىدىن كىرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە خۇشال بولۇپ، ئەمدىلا قەدەم بېسىپ مېڭىشىغا، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئالدىغا ئۆتۈپ، بىرىنچى بولۇپ زىننەت دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى كىرىپ بولۇشىغا دەرۋازا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ، شاھزادە ئامان قاپتۇ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىمۇ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ.

شۇ ئاخشىمى شاھ ئوغلىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەتكە خان جەمەتى، پۈتۈن ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ ناھايىتى نۇرغۇن مېھمان تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلۇپتۇ. ئاشپەزلەر شاھنىڭ ئەمرى بويىچە يەتمىش ئىككى داش قازاندا يەتمىش ئىككى خىل لەززەتلىك تائام تەييارلاپتۇ، ئۈزۈم شارابلىرىدىن تارتىپ، قىمىز - بوزىلارغىچە تۈرلۈك ئىچىملىكلەر ھازىرلىنىپتۇ.

زىياپەت باشلىنىپتۇ. مېھمانلارنىڭ ئالدىغا غىزا تارتىلىشقا باشلاپتۇ. شاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئەڭ دەسلەپكى قاچا

شاھزادىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپتۇ. بۇ چاغدا ۋەزىرنىڭ ئوغلى بۇ قاچىنى شاقىدە ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىپ، ئىككىنچى قاچىنى شاھزادىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە كۆڭلىدە نارازى بولۇپ: «بۇ مەن بىلەن ئابرۇي تالىشىپ، مېنى مازاق قىلماقچى، كىشىلەر ئالدىدا رەسۋا قىلماقچى. ئىككى قېتىم مۇشۇنداق قىلدى، كەچۈردۇم، بۇ قېتىم زادى كەچۈرمەسلىكىم كېرەك!» دەپ ئويلاپ، يېنىدىن قىلىچىنى سۇغۇرماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىكى غەزەپلىنىش ئالامەتلىرىنى كۆرگەن مەلىكە ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى دەررۇ سېزىپ، ئىشارەت بىلەن ئۇنى توختىتىپ قويۇپتۇ. شاھزادە ئىچىدە: «خەپ توختاپتۇر، سېنىڭ رەزىل نىيىتىڭنى پاش قىلىپ، ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم...» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ.

زىياپەتتىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆز ھۇجرىلىرىغا تارقاپ، ئۇخلىغىلى يېتىشىپتۇ. ھەممە ئۇخلاپ كەتكەن مەھەلدە ۋەزىرنىڭ ئوغلى قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئاستا شاھزادىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ ۋە زەھەرلىك يىلاڭنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا يوغان بىر چار يىلان كۆشۈلدىغىنىچە تۆشۈكتىن چىقىپ، شاھزادىنى چاقماقچى بوپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى يىلانغا قىلىچ ئۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا كۈتۈلمىگەندە يىلاننىڭ ئاغزىدىن چىققان بىر تېمىم زەھەرلىك شۆلگەي مەلىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغان كۆكسىگە چاچراپ چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى تىت-تىت بوپتۇ، چۈنكى زەھەر ئۇزۇنىراق تۇرسا، مەلىكىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن ئىكەن. شۇڭا، ئۇ دەررۇ ئۇنى تازىلىۋەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن، دەماللىققا بۇ ھۇجرىدىن سۈرتۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىرنەرسە تاپالماپتۇ، پاختا تېپىپ

چىققۇچە ۋاقىت ئۇزىراپ كېتىدىكەن. ئامالسىز قالغان ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئاخىر بۇ زەھەرنى تىلى بىلەن يالاپ ئېلىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ دەررۇ ئېگىشىپ زەھەرنى تىلى بىلەن يالاپ، پاكىز تازىلىۋېتىپتۇ. لېكىن، بۇ چاغدا مەلىكە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. شاھزادىمۇ ئويغىنىپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەمدى رەزىل مەقسىتىڭ ئاشكارا بولدى. ئۆلتۈرمەي قويمايمەن! — دەپ چاچراپ قوپۇپ، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان قىلىچنى قولىغا ئاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى سۆزلىگەچ ئۆزىنى قوغداپتۇ. مەلىكە ئىككىسىنى ئاجرىتىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى تېخىچە قىمىرلاپ جان تالىشىۋاتقان يىلاننى كۆرسىتىپ، بولغان ۋەقەنى بىر - بىرلەپ بەرمەكچى بوپتۇ. بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسە ئۆزىنىڭ تاشقا ئايلىنىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۆزىنى سېغىنسا، تۇنجى پەرزەنتىنى بوغۇزلاپ، تاش ھەيكەلگە قېنىنى تامغۇزۇش لازىملىقىنى ئالدىن ئېيتىپتۇ، ئاندىن شاھنىڭ ئۆز ئوغلىغا قەست قىلىش ھەرىكەتلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ توسۇن ئات ۋەقەسىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئىككى پۇتى تاشقا ئايلىنىپتۇ. ۋەھىمىلىك زىننەت دەرۋازىسىدىن ئۆتۈشتە شاھزادىنى دەرۋازا بېسىۋېلىشتىن ساقلاپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بېلىگىچە تاشقا ئايلىنىپتۇ. زەھەر سېلىنغان تائامنى يېيىشتىن ساقلاپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بولغاندا بوينىغىچە تاشقا ئايلىنىپتۇ. ئاخىرقى قېتىم زەھەرلىك يىلاننى پايلاپ تۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، لېكىن ئۇنىڭ زەھىرىنىڭ بىر تامچىسى مەلىكىنىڭ مەيدىسىگە چاچراپ كەتكەنلىكىنى، مەلىكىنىڭ ھاياتىنى قوغداش يۈزىسىدىن زەھەرنى تىلى بىلەن يالاپ ئېلىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن تامامەن

تاشقا ئايلىنىپتۇ. مەلىكە تاش ھەيكەلنى قۇچاقلاپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى: «مېنى زۇ-لۇم ـ كۈلپەتتىن قۇتقۇزۇپ، مەشەگە ئەكەلگەن ئىنسان...» دەپ ئۆز ئاكىسى قاتارىدا كۆرەر ئىكەن. شاھزادىمۇ ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن، چىن دوستلۇق بۇرچىنى ساداقەتلىك بىلەن ئورۇندىغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپتۇ، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق سادىق دوستىغا تىغ تەڭلىگەنلىكىگە پۇشايمان قىپتۇ...

مەلىكە تاش ھەيكەلگە توپا قونمىسۇن دەپ، ھەر كۈنى پاكىز سۈرتۈپ تۇرىدىكەن ۋە ھەيكەلگە قاراپ يىغلايدىكەن. مەلىكە بۇنداق ساداقەتمەن چىن دوستنى، ساپ دىل، مەرد، زېرەك، باتۇر يىگىتنى ئۆمرىدە ئۇچراتمىغانىكەن.

شاھ ئۆز سۈيىقەستلىرىنىڭ بىرىمۇ كارغا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ ۋە بەش ـ ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھلىق شاھزادىگە قاپتۇ. ۋەزىر-نىڭ ئوغلىنىڭ تاش ھەيكىلى ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا ھامان شۇ ئىسكەتتە تۇرىدىكەن. ئۇ تاش ھەيكەلگە قاراپ دوستىنى سې-غىنىدىكەن. تۇرمۇش ئۇنى تەربىيىلەپتۇ، بۇرۇن چۈشەنمىگەن، بىلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشىنىۋاپتۇ، بىلىۋاپتۇ. ئۇ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن دوستلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىرنىڭ ئوغلىدەك چىن دوست ئۇنىڭغا تېپىلماپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۇنى سېغى-نىدىكەن، سېغىنىپ ئۇنىڭ ھېچ چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ. شۇنداق ياخشى دوستىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، بە-زىدە ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كېتىدىكەن.

شۇ تەرىقىدە كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئەر ـ خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ، بوۋاقنى بوغۇزلاپ قېنىنى ھەيكەلگە



تامغۇزۇپتۇ. ئىسسىق قان ھەيكەلنىڭ بېشىدىن تاپىنىغىچە سىرغىپ چۈشكەندىن كېيىن ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئەسلىگە كەپتۇ ۋە دوستىغا قاراپ كۈلۈپتۇ. ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ قولىنى سىقىپ، ئۆمۈرلۈك دوست ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە دوستىنى ئۆمۈرۋايەت قەدىرلەپ ئۆتۈش يۈزىسىدىن تەختىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ۋەزىر بوپتۇ. يىراق بىر مەملىكەت پادىشاھىنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى مەلىكىنىڭ دوستى ئىكەن، مەلىكە ئۆزىنىڭ بۇ دوستىنى ئۇنىڭغا تېپىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇنى ئۆيلەپ قويۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئىككى دوستىنىڭ ھەر ئىككىلىسى پەرزەنت كۆرۈپ، يۇرتنى ئادىل سوراپ، ئۆمۈرۋايەت ئىناق دوستلاردىن بولۇپ ئۆتكەنىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# دۇئا ئالغان كەنجى ئوغۇل

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا بىر شەھەردە ھالالباي دېگەن بىر باي سودىگەر ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ بايلىقى شاھلىق خەزىنىسىدىن قېلىشمايدىكەن. بۇ سودىگەرنىڭ ناھايىتى كاتتا بىر ھويلىسى بار ئىكەن، ھەشەمەتتە شاھ سارىيىنى بېسىپ چۈشىدىكەن. بۇ باينىڭ شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىنىڭ بىرىدە ئۈچ قەۋەتلىك بىر دۇكىنى بار ئىكەن. بۇ دۇكاندا تۈرلۈك گەزلىمىلەر، مەلىچماللار، زىلچا ـ گىلەملەر ۋە باشقا ھەر خىل ئۆي بىساتلىرى، كىيىم ـ كېچەكلەر سېتىلىدىكەن. شەھەردىكى مۇشۇ خىل سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىجارەتچىلەرنى مانا مۇشۇ دۇكان مال بىلەن تەمىنلەيدىكەن. دۇكاننى باينىڭ ئۆزى ئاچىدىكەن. بىرقانچە مۇلازىم ئەتىدىن ـ كەچكىچە قول ـ قولىغا تەگمەي سودا ـ سېتىق قىلىدىكەن.

بۇ باينىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، تۇنجىسىنىڭ ئىسمى ئاسمانباي، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى زېمىنباي، كەنجىسىنىڭ ئىسمى جاھانباي ئىكەن. سودىگەر، كۆك ئاسماندەك كۆكلەپ تۇرسۇن، زېمىندار بولسۇن، جاھاننى ئىلكىدە تۇتسۇن، دېگەن ئۈمىدلەر بىلەن بالىلىرىغا ئاشۇنداق ئات قويغانىكەن. ئىككى چوڭ ئوغلىنى ئۆيلىگەنىكەن. كەنجىسى تېخى كىچىك بولغاچ-

قا ئۇنىڭغا نۆۋەت كەلمىگەنىكەن، ئۇ مەدرىسىدە ئوقۇۋېدىكەن.
ئىككى چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ بايلىقىغا تايىنىپ پۇتى تاي-
غان، بېشى قايغان، داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان
جايلاردا يۈرىدىكەن. بۇ ئىككى بايۋەچچىنىڭ جۇۋىسىدا تەرلى-
نىدىغان نۇرغۇن ئاغىنىلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
بايۋەچچىلەرنى مەيخانىغا باشلىسا، بەزىلىرى قىمارخانىغا تار-
تىدىكەن، يەنە بەزىلىرى چىرايلىق خېنىملارنىڭ بەزمىگاھىغا
سۆرەپ كىرىدىكەن. ئىككى بايۋەچچە ئەنە شۇنداق كەيپ -
ساپا، ئەيش - ئىشرەت كوچىسىغا كىرىپ كەتكەنىكەن. ئۇلار
دادىسىنىڭ بىر قىسىم بايلىقلىرىنى يەپ - ئىچىپ، بۇزۇپ -
چېچىپ، قىماردا ئۇتتۇرۇپ، ئىشرەت شارابىغا سەرىپ قىلىپ
تۈگىتىدىكەن.

بىر كۈنى باينىڭ تاغدىكى بىر يىلقىچىسى كېلىپ، باي-
غا: «ئىككى ئوغۇللىرى بىر ئۈيۈر يىلقىنى ھەيدەپ كەتتى»
دەپتۇ. يەنە بىر كۈنى بىر چۆپان كېلىپ: «ئىككى بايۋەچچە
بىر قوتان قوينى ئېلىپ كەتتى» دەپ مەلۇم قىپتۇ. ئەسلىدە
باي بۇ ئىككى ئوغلىنى ئۆيلىگەندىن كېيىن، ئۇلار سودا -
سېتىقنى ئۆگەنسۇن، مۇستەقىل تۇرمۇش يولىغا كىرسۇن



www.uyghurkitap.com

دەپ، ئىككىسىگە ئايرىم ـ ئايرىم دۇكان ئېچىپ بەرگەنىكەن. باي يىلقىچى بىلەن چۇپاننىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇ زادى نېمە ئىش؟» دەپ، ئوغۇللىرىغا ئېچىپ بەرگەن دۇكانغا بېرىپ قارىسا، ئۇ دۇكانلاردا باشقا ئادەم ئولتۇرغۇدەك. باي ئۇلاردىن ئوغۇللىرىنىڭ بۇ دۇكانلارنى سېتىۋەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ زەھەر يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ، دۇكىنىغا قايتىپ كەپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئالدىدا باغۋەن پەيدا بوپتۇ. ئۇ بايغا ئىككى پۇكۇلۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك باي غوجام، ئىككى ئوغۇللىرى بىر ئادەمنى باغقا باشلاپ چىقىپ، باغنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. باغنى ئۆتكۈزۈۋالغان ئادەم ماڭا: «ئەمدى سىز ئۆز ئىشىڭىزنى قىلىڭ، باغقا ئۆزۈم قارايمەن» دېدى. مەن ئۆزلىرىنىڭ تۇزىنى يەپ، خىزمەتلىرىنى قىلىپ كەلگەنىدىم، شۇڭا جانابلىرىغا ئەھۋالنى ئېيتقاچ خوشلىشىپ چىقاي، دەپ كېلىشىم، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان باينىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەندەك بوپتۇ. ئۇ دەرھال ئىككى ئوغلىنى تاپتۇرۇپ، ئۇلارغا باغنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئادەمنى ھايال قىلماي ئۆز ھوزۇرىغا ھازىر قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئىككى بايۋەچچە نائىلاج ئۇ ئادەمنى دادىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ.

— بالىلىرىم باغنى سىزگە نېمە سەۋەبتىن ئۆتكۈزۈپ بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ باي ئۇ ئادەمدىن.

— قىماردا ئۇتۇۋالغانىدىم، — دەپتۇ ئۇ ئادەم جاۋاب بېرىپ.

— ئۇنداق بولسا، باغنى ماڭا سېتىڭ، — دەپتۇ باي. پۇلغا سۇغا تەشنا بولغاندەك تەقەززا بولۇپ تۇرغان بۇ قىمارۋاز شۇئانلا ماقۇل بوپتۇ. بىرنەچچە يەر ـ زېمىن دەللاللىرىنىڭ باھا قويۇپ سالا ـ سۇلھى قىلىشى بىلەن باي بې-

غىنى قىمارۋازدىن قىممەت باھادا سېتىۋاپتۇ ۋە باغنى ھېلدقى باغۋەننىڭ باشقۇرۇشىغا قايتا تاپشۇرۇپتۇ. بۇ باغ بايغا ئاتا مىراس باغ ئىكەن. بايغا ھەممە ئىش ئايان بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باي كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. دۇكاننى ئىككى ئوغلى تالان ـ تاراج قىلىشقا باشلاپتۇ. پەقەت كەنجى ئوغلىلا دادىسىنىڭ كېسىلىنى تېۋىپقا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى دۇكاننى باشقۇرۇۋاتقان مۇلازىم كېلىپ، ئىككى بايۋەچچىنىڭ دۇكاننى قۇرۇقداپ قويغانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. باي ھوشىدىن كېتىپتۇ...

كېسەل كۆرپىسىدە ياتقان باي بىر كۈنى بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر ئاقساقال ئادەم پەيدا بولۇپ، بايغا:

— ئەي ھالالباي، كەلمەكنىڭ كەتمىكى بار. سىز كۆزدىڭىزنىڭ ئوچۇق چېغىدا مال ـ دۇنيالىرىڭىزنى بالىلىرىڭىزغا بۆلۈپ بېرىڭ. سىز باقىي ئالەمگە كەتكەندىن كېيىن ئۇلار مىراس تالىشىپ، بىر ـ بىرىنى قانغا بوياپ يۈرمىسۇن. ئەمما، ئاۋۋال سىز ئۇلارنى ئالدىڭىزغا چاقىرىپ: «قايسىڭلار مال ـ دۇنياغا تۇرىسىلەر؟ قايسىڭلار دۇئا ئالىسىلەر؟» دەپ سوراڭ. مال ـ دۇنيانى «دۇنياغا تۇرىمەن» دېگىنىگە بېرىڭ، «دۇئا ئالىمەن» دېگىنىگە ھېچنېمە بەرمەڭ. ئۇنى بىر خالىي پۇرسەتتە چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: «بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە قەبرەمنى زىيارەت قىل، بېشىمدا بىر كېچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرۇپ، سۇبھىدەمدە تىلىكىڭنى تىلە، تەلىپىڭ ئىجابەت بولىدۇ» دەڭ، — دەپتۇ. شۇ سۆزدىن كېيىن باي ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆز تەسەررۇپىدىكى ئۆي ـ جاي، يەر ـ زېمىن، باغۋاران، ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنيالىرىنىڭ ھەممىسىنى رويخەتكە ئالدۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۈچ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— بالىلىرىم، ئۆمۈر سائىتىم توختاش مەنزىلىگە يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، مەن ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلىنىدىغاندەك قىلىپ تۇرىمەن، شۇڭا كۆزۈم يۇمۇلماستا سىلەرگە مىراس بۆلۈپ بەرمەكچىمەن. بۇ مىراس ئىككى خىل: بىرى، نەق مال ـ دۇنيا، يەنە بىرى، دۇئا. قايسىڭلار دۇنيادەپىنە ئالىسىلەر، قايسىڭلار دۇئا ئالىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىككى چوڭ ئوغلى كۆڭلىدە، دۇئادىن نىمە چىقاتتى، ئۇنىڭدىن خەزىنە پۇتمەيدۇ، نەق دۇنيانى يوق نەرسىگە تېگىشمەنمۇ، دەپ ئويلاپتۇ. تۇنجى ئوغلى: «مەن دۇنيا ئالىمەن» دەپتىكەن، ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ: «مەنمۇ مال ـ دۇنياغا تۇرىمەن» دەپتۇ. كىچىك ئوغلى: «ئاتا، مەن دۇئا ئالاي» دەپتۇ. باي شۇ يەردىلا: «خۇدا سىېنى ئەزىز قىلسۇن، بەختىڭنى بەرسۇن، جاھان ئىلكىڭدە بولسۇن...» دەپ دۇئا قىپتۇ. ئاندىن ئىككى چوڭ ئوغلىغا:

— سىلەر چىقىپ تۇرۇڭلار، بىرنەچچە گۇۋاھچىنى ھازىر قىلىپ، شۇلارنىڭ ھۇزۇرىدا مىراسىڭلارنى بۆلۈپ بېرىمەن، — دەپتۇ. ئۈچ ئوغۇل تەڭلا چىقىپ كېتىپتۇ. باي بىر پۇرسەتنى تېپىپ كەنجى ئوغلىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە كەچقۇرۇنلۇقى قەبرىستانلىقتا بېرىپ، قەبرەم ئالدىدا ئولتۇرۇپ بىر كېچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، تاڭ سۈزۈلۈشكە يېقىن تىلىكىڭنى تىلە، تەلىپىڭ ئىجابەت بولىدۇ، بۇنى ھېچكىمگە تىنما... — دەپتۇ. ئاندىن ئايالىنى چاقىرىپ، تەكىيىسى ئاستىدىن بىر خالتىنى ئېلىپ:

— ھەي ئانىسى، ئىككى چوڭ ئوغلىمىزدىن ۋاپا كىلىدىغاندەك ئەمەس. مانا بۇ مىڭ تىللا پۇل، مەن ئۇ ئالەمگە كەتكەندىن كېيىن بۇ پۇلنى كەنجەڭ بىلەن خىراجەت قىلىپ تۇرارسىلەر. پۇلنى چىڭ ساقلا، چوڭ ئوغۇللار سىېنىمۇ شى-

لىشتىن يانمايدۇ. ئۇنى بەر، بۇنى بەر، پۇل بەر، دەپ بىر نېمە تە-
لەپ قىلسا: «مەندە ھېچنېمە يوق» دېگىن، ئۇلارغا بىر تىيىنمۇ
بەرمىگىن، ـــ دەپ جېكىلەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەرنىڭ ئەذ-
لەم، مۇپتى، قازىسىنى، سودىگەرلەر ئاقساقىلىنى، مەھەللىدىكى
مۆتىۋەر زاتلاردىن بىرنەچچە كىشىنى تەكلىپ قىلىپ، بارلىق
كۆچەر - كۆچمەس مۈلۈكلىرىنى ئىككى چوڭ ئوغلىغا خەت مۆ-
ھۈر قىلىپ بۆلۈپ بېرىپتۇ. ھويلىسىدا ئەسكى - تۈسكى نەر-
سىلەر قويۇپ قويۇلىدىغان ئىككى ئېغىز ئۆي بار ئىكەن، بۇ
ئۆينى بىر قۇر ئۆي بىساتى، قازان - تاۋاق، قاچا - قومۇچلار
بىلەن ئايالىغا خەت مۆھۈر قىلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن
باي كۆز يۇمۇپتۇ. چوڭ ئوغۇللار ئاتىسىنىڭ دەپنىسى، نەزىر -
چىراغلىرىغا بىر تىيىن پۇلمۇ چىقارماپتۇ، خىراجەتنى باينىڭ
ئايالى قىپتۇ.

باينىڭ يەتتە نەزىرى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى
چوڭ ئوغۇل ئانىسىغا: «سەن ئۆز ئۆيۈڭدە ئولتۇر» دەپتۇ. ئۇ-
كىسىغا بولسا: «سەن دۇئادا ئۆي ياساپ ئولتۇر» دەپ، ئانىسى
بىلەن ئىنىسىنى سىغدۇرماپتۇ. باينىڭ خوتۇنى كەنجى ئوغلى
بىلەن ھېلىقى ئىككى ئېغىز كونا ئۆيگە كۆچۈپ چىقىپتۇ.
چوڭ ئىككى ئوغلى «ئانا، ھالىڭ نېچۈك؟» دەپ ھال سوراپ
قويۇشقىمۇ، ئۆيدە ئەتكەن تاماقتىن بىرەر قاچا چىقىرىپ بې-
رىشكىمۇ يارىماپتۇ. ئۇلار ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ-
تۇ. كەنجى ئوغۇل ئاكىلىرىغا: «ماڭا بىر ئاز پۇل قەرز بېرىپ
تۇرۇڭلار، مەن دۇكان ئېچىۋالاي، پۇلۇڭلارنى تېزلا قايتۇرد-
مەن» دەپتىكەن، ئاكىلىرى: «سەن دۇئا ئالغان، دۇئادا دۇكان
ئاچ» دېيىشىپتۇ. ئۇ ئانىسىدىن ئون تىللا ئېلىپ تەنزىكەش-
لىك دۇكىنى ئېچىپتۇ. ئۇ ئەقىللىق، تەدبىرلىك بولغاچقا
سودىسى يامان ئەمەس يۈرۈشۈپ كېتىپتۇ. ئانا - بالا كۈننى

ياخشى ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. ئانا ھەر كۈنى بەش ۋاق نامى-زىدا: «خۇدايا خۇداۋەندە، كەنجەمنى ھەرگىزمۇ ئىنسان ئەۋلاد-لىرىغا بېقىندى قىلىپ قويمىغايسەن...» دەپ تىلەيدىكەن.

بۇلار بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدىكى ئىككى ئېغىز گەپنى باشقا يەردىن ئاڭلايلى:

بۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر-قىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ تەۋسىپ - تەرىپى ئون سەككىزمىڭ ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ. ھەرقايسى پادىشاھلىقلاردىن ئۇ قىزنى ئۆز شاھزادىلىرىگە سورىتىپ ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى بىرنەچچە پادىشاھلىقنىڭ ئەلچىسى تەڭ كېلىپ قاپتۇ. مەلىكىنىڭ ئاتىسى بىرىگە ماقۇل دېسە، قالغانلىرى نارازى بولىدىكەن - دە، قانلىق ئۇرۇش خەۋپى تۇغۇلىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ بېشى قېتىپتۇ. مەلىكە بۇ ئەھۋالنى ئويلا - ئويلا ئاخىر بىر چارە تېپىپتۇ. ئۇ ئاتىسىغا ئۆز چارىسىنى مەلۇم قىپتۇ.

مەلىكىنىڭ خاس چارباغى بار ئىكەن. بۇ چارباغدا بىر راۋاق بولۇپ، راۋاقنىڭ ئوتتۇرىسى مەلىكە كېنىزەكلىرى بى-لەن بەزمە - مەشرەپ قۇرۇپ ئوينايدىغان چوڭ سەينا ئىكەن. بۇ سەيناغا قىرىق پەلەمپەي بىلەن چىقىدىكەن. مەلىكىنىڭ تاپقان چارىسى مۇنداق ئىكەن: «مەن راۋاقنىڭ سەيناسىدا ئول-تۇرىمەن. كىمكى قىرىق پەلەمپەيدىن ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ، قولۇمدىكى ئۈزۈكۈمنى ئېلىپ ئۆز قولىغا سېلىپ، يەنە ئات چاپتۇرۇپ چۈشۈپ كەتسە، ئۇ كىشىنىڭ شاھ - گاداي بولۇ-شىدىن، ياش - قېرى بولۇشىدىن، چىرايلىق - سەت بولۇ-شىدىن، تاز، گاس - گاچا، قارىغۇ، ئاقساق - چولاق ياكى باشقا ئەيىبى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن شۇنىڭكى» دېگەن-دىن ئىبارەت ئىكەن. پادىشاھ قىزىنىڭ بۇ شەرتىنى جاكار-

چىلار ئارقىلىق پۈتۈن ئىقلىمغا جاكارلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكىنىڭ تەلەپكارلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ، ئۇلار زور تەييارلىقلارنى باشلىۋېتىپتۇ. يۈز پۇللۇق ئاتنىڭ باھاسى مىڭ پۇلغا چىقىپتۇ. بۇ تەلەپكارلارنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى پادىشاھلىقلاردىن كەلگەن شاھزادىلەرمۇ، ۋەزىرزادىلەرمۇ، سودىگەرزادىلەرمۇ، بەگزادىلەرمۇ، مۇشۇ شەھەردىكى ئاددىي پۇقرالارمۇ بار ئىكەن.

جاھانبانىنىڭ ئىككى ئاكىسىمۇ يارامىلىق ئىككى ئاتنى سېتىۋېلىپ مەشىق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى بولسا، كۈنداشلىقى قوزغىلىپ: «خۇدايىم ئەجىلىڭنى بېرەر، پەلەمپەيدىن ئېتىڭ بىلەن موللاق ئېتىپ چۈشۈپ ئۆلەرسەن...» دەپ قارغاپ، ئۇلارغا ئۆلۈم تىلەيدىكەن، زار - زار قاقشاپ يىغلايدىكەن. ئەمما، بۇ ئىككى نوچى كۈندە ئاتلىرىنى ئويىنىتىپ راۋاق ئالدىغا بارسىمۇ، راۋاققا ئات چاپتۇرۇپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي سالپىيىپ قايتىپ كېلىدىكەن. «تىكەندىن قورقمىغان گۈلنى ئۈزمەي قويماس، جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دەيدىغان تاغ يۈرەك ئەزىمەتلەرلا راۋاققا قاراپ ئات چاپتۇرىدىكەن، لېكىن بەزى ئاتلار ئون - ئون بەش، بەزىلىرى يىگىرمە پەلەمپەيگە چىققاندىن كېيىن، ئارقىسىچە يىقىلىدىكەن - دە، ئۈستىدىكى ئادىمى بىلەن قوشۇلۇپ نابۇت بولىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ ۋەجدىن كۈندىن - كۈنگە ئۆلۈم كۆپىيىپ كېتىپتۇ، نۇرغۇن شاھزادىلەر، نەۋقىران يىگىتلەر جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. مەلىكە «خۇنرېز» نامىنى ئېلىشقا باشلاپتۇ.

شۇ چاغدا جاھانبانىنىڭ كاللىسىغا دادىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش خىيالى كەپتۇ. ئۇ قىرىق پەلەمپەينىڭ كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا كەلتۈرۈۋاتقان تالاپىتىنى كۆرۈپ، بۇ


ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، مۇبادا قازا تاپقان شاھزادىلەرنىڭ ئاتىلىرى بىرلىشىپ زېمىنىمىزغا غازا يۈرۈشى قىلىپ قالغۇدەك بولسا، مەملىكىتىمىز پۈتۈن خەلقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئات تۇيىقى ئاستىدا ۋەيران بولۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ، دېگەننى ئويلاپتۇ ـ دە، شۇ ئاخشىمى قەبرىستانلىققا بېرىپ ئاتىسىنىڭ قەبرىسى بېشىدا تۈن بويى قۇرئان تىلاۋەت قىپتۇ. تاڭغا يېقىن: «خۇدايا خۇداۋەندە، شۇ مەلىكىنى ماڭا نې-سىپ قىلغايسەن...» دەپ تىلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ قەبرە «تارس» قىلىپ يېرىلىپ، قەبرە ئىچىدىن تۇم قارا بىر ئارغىماق سەكرەپ چىقىپتۇ. ئارغىماق ئالتۇن ئېگەر بىلەن ئې-گەرلەنگەن بولۇپ، ئۈستىدە بىر قۇر شاھانە كىيىمۇ بار ئىكەن. جاھانباي ئات ئۈستىدىكى كىيىمنى كىيىپ، ئاتنى مىنىپ، مە-شىق قىلىۋاتقان قىياپەتتە شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. كىم كۆرسە، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالىدىكەن. بىر چاغدا راۋاق تەرەپتىن دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ، راۋاققا ئات چاپ-تۇرۇش ۋاقتىنىڭ توشقانلىق دېرىكى ئىكەن. جاھانباي ئارغى-ماقنى چاپتۇرغان پېتى راۋاق ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، ئاتنى راۋاققا قارىتىپ قويۇۋېتىپتۇ. ئات يىگىرمىنچى پەلەمپەيگە چىق-قاندا جاھانباي ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئاتنى توختىتىپتۇ ۋە ئاستا ئارقىسىغا ياندۇرۇپ يەنە پەلەمپەيدىن ئاتنى چاپتۇرۇپ چۈشۈپ كېتىپتۇ ـ دە، كىشىلەر توپى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غايىب بوپتۇ. ھەممە ھەيرانۇ ھەس بولۇپ قاپ-تۇ. بۇنى كۆرگەن تەلەپكارلار: «قىز بەربىر مۇشۇ يىگىتنىڭ ئىكەن. ئۇنىڭ بۇگۈنكى ھەرىكىتى بىزگە قىلىنغان بېشارەت...» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ راۋاققا ئات چاپتۇرىدىغانلار چىق-ماپتۇ، لېكىن ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈ-چۈن بۇ يەرگە كېلىدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپىيىپ، راۋاق ئالدى



www.uyghurkitap.com

ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

جاھانباي قەبرىستانلىققا بېرىپ، شاھانە كىيىملەرنى سې-
لىپ، ئىلگىرىكىدەك ئاتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئاتنى قويۇۋې-
تىپتۇ، ئات قەبرىگە كىرىپ كېتىپتۇ. جاھانباي شۇ كۈنى
كەچتە يەنە قەبرىستانلىققا بېرىپتۇ. ئەتىسى سۈبھىدە قەبرىدىن
بىر تورۇق ئات چىقىپتۇ. جاھانباي بۇ ئاتنىڭ ئۈستىدىكى كى-
يىمنى كىيىپ، ئاتنى مىنىپ شەھەر ئەتراپىنى ئارىلاپ يۈرۈپتۇ.
بىر چاغدا يىراقتىن دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. جاھانباي ئات-



نىڭ بېشىنى شەھەر تەرەپكە بۇراپ چاپتۇرغىنىچە راۋاق ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، ئاتنى راۋاقتا قارىتىپ قويۇۋېتىپتۇ. ئات قىلىچە-قىرىپ ئۇچقاندەك راۋاقتا ئۆرلەپتۇ، ئەمما ئوتتۇزىنچى پەلەم-پەيگە چىققاندا ئاتنى توختىتىپ، ئارقىسىغا ياندۇرۇپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە قەبرىستانلىققا بېرىپ ئاتنى قەبرىگە كىرگۈزۈۋېتىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ دەرۋازىدىن ھويلىغا كىرىشى بىلەن، ئاكىسى: «جاھانباي، ئوتۇن تۈگەپ قاپتۇ، يەڭگەڭگە ئوتۇن يېرىپ ئەكىرىپ بەر» دەپ ۋارقىراپتۇ. جاھانباينىڭ دادىسى قازا قىلىپ ئىككى ئاكىسى مىراسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، جاھان-بايغا: «سەن دۆتا ئالغان، سېنىڭ بۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى ھېچ-نېمىدە ھەققىڭ يوق. ھويلىمىزنىڭ ئېرىقىدا ئېقىۋاتقان سۇغى-مۇ نوگاي تىققۇچى بولما، سەن دۆئانى سۇ قىلىپ ئىچ» دەپ، ئۇ-نى ھويلا ئېرىقىدىكى سۇنى ئىچىشتىنمۇ، شۇ سۇدا تاھارەت ئې-لىشتىنمۇ مەھرۇم قىلغانىكەن. ئۇ سىرتتىكى كۆلدىن سۇ ئې-لىپ كىرىشكە مەجبۇر ئىكەن. مۇشۇنداق خورلۇقنى سۈكۈت ئى-چىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان جاھانباي ئوتۇننى يېرىپ ئاكىسىنىڭ ئۆيى-گە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۆيدە ئىككى ئاكىسى پاراڭلىشىپ ئولتۇر-غانىكەن، ئۇلار بىر ـ بىرىگە: «قىزىق ئىش، نۇرغۇن ئادەم مەلى-كىنى ئالىمەن دەپ جېنىدىن ئايرىلدى. بۇ يىگىت بولسا ئېتىنى پەلەمپەيدە ئەتەي توختىتىپ چۈشۈپ كېتىپ بارىدۇ. تازىمۇ ئەخ-مەق نېمە ئىكەن. مېنىڭ ئۇنداق ئېتىم بولىدىغان بولسا، بىر دەقىقىمۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي مەلىكىنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى ئېلىپ قولۇمغا سېلىپ چۈشكەن بولاتتىم ـ دە، شۇ كۈنلا مە-لىكىنىمۇ قوينۇمغا سالاتتىم» دېيىشەرمىش.

— ئۇ يىگىتنىڭ تېخىمۇ بەلەن ئېتى ھەم ئەشەنچىسى بولسا كېرەك، بەلكىم ئەتە مەلىكىنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى ئالار، — دەپتۇ جاھانباي ئاكىلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن

كىيىن ئۇلارغا جاۋاب بەرگەندەك قىلىپ.

— ئۆتۈپ بارغىنا، ساڭا بۇنداق ئىشلارغا ئارىلىششىنى كىم قويىدۇ؟! — دەپتۇ بىر ئاكىسى ئۇنىڭغا قول شىلتىپ. جاھانباي ئۈن - تىنسىز چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى جاھانباي ھەر كۈنىدىكىدىنمۇ ئېسىل، ئاجايىپ كېلىشكەن بىر ئاق بوز ئاتنى مىنىپ كەپتۇ - دە، ئاتنى راۋاققا قارىتىپ چاپتۇرۇپتۇ. ئات شامالدەك يۈگۈرۈپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قىرىق پەلەمپەيدىن چىقىپ راۋاق سەيناسىدا توختاپتۇ. جاھانباي ئاتتىن چۈشۈپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ قىزغا سالام بېرىپتۇ. مەلىكىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يىگىتكە ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ. يىگىت مەلىكىنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى بارمىقىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئۆز قولىغا ساپتۇ. شۇ چاغدا تۆۋەندە بۇنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەر يىگىتكە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. جاھانباي يەنە قىزغا چوڭقۇر تەزىم قىپتۇ - دە، ئېتىنى مىنىپ پەلەمپەيدىن چاپتۇرۇپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھېچكىم بۇ يىگىتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ، بىراق بۇ يىگىت قۇمغا سىڭىپ كەتكەن سۇدەك جىممىدە بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر ئاي ئۆتۈپتۇ، يەنىلا يىگىتتىن دېرەك بولماپتۇ. شۇ كۈنلەردە خەلق ئارىسىدا: «مەلىكىنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى ئالغان يىگىت ئادەمزات نەسلىدىن ئەمەسمىش، دىۋە - جىن ياكى پەرىدىمىش...» دېگەن گەپ - سۆزلەر تارقىلىپتۇ. بۇ سۆزلەرنى كۆپ تۇرۇپ يەنە بەزىلەر: «راست ئەمەسمۇ، ئادەمزاتتا ئۇنداق ئۇچقۇر ئاتلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ خىل ئاتلار پەقەت دىۋە - پەرىلەردىلا بولىدۇ» دېيىشەرمىش. بۇ گەپلەرگە ئىشەنگەن ساددا پۇقرالار: «بېشىمىزغا نېمە بالالار كېلىدىكىن؟» دەپ غەم - غۇسسىگە چۈشۈپ قاپتۇ. پادىشاھمۇ بۇنداق ئەندىشىلىك ۋەسۋەسىدىن خالىي بولالماپتۇ. ئۇ تەقەززالىق ئىچىدە: «ماڭا كۈيئوغۇل

بولغۇچى يىگىت ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن، تويىنى «باشلايمىز» دەپ كوچىلارغا جاكارچىلارنى چىقىرىپتۇ. مەلىكە يىگىتنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ قالغانىكەن، يىگىتتىن دەرۋەقە بولمىغانچە ئۇنىڭ تاقىتى تاق بوپتۇ، ھىجران چۆلىنى ۋىسال گۈلىستانىغا ئۇلاشتۇرۇش كويىدا يىگىتنىڭ يولىغا ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرۈپ كۆزى تېشىلىپ كەتكۈدەك بوپتۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تۇنجى مۇھەببەت ئاتەشىدە گۈلخان بولۇپ يېنىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە، خەلق ئارىسىدا ئىغىزدىن ـ ئىغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ھېلىقى ئەپسانىلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ، مەن راستتىنلا جىن ـ شاياتۇن، دىۋە ـ پەرىگە يولۇققاندۇرمەنمۇ؟ دەپ ئويلاپ ئەندىشە قىلىپ، يۈرىكى «پوك ـ پوك» كېسەلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ، ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق شەرتنى ئويلاپ تاپقىنىغا مىڭ پۇشايمان قىپتۇ، يىگىتنىڭ نام ـ نەسەبىنى، قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلىۋالمىغانلىقى ئۇچۇن ئۆز ـ ئۆزىگە كايىپتۇ. مەلىكىنى ئاشۇنداق خىياللار ھېلى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىدىكى پەرىلەر ماكانىغا، ھېلى دەھشەتلىك كۆھىقاپتىكى بەتبەشىرە دىۋىلەرنىڭ قويىنىغا، ھېلى بەھەيۋەت تاغلاردىكى جىن ـشاياتۇنلارنىڭ تىلسىمات ئۆڭكۈرلىرىگە ئاپىرىپ بەند قىلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى پوكۇلدىتىپ تۇرۇپ تۇرسۇن، ئىككى ئىغىز گەپنى جاھانبايدىن ئاڭلايلى:

جاھانباي مەلىكىنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى ئېلىپ ئۆز قولىغا سېلىپ راۋاقتىن قايتىپ چۈشكەندىن كېيىن، ئاتنى قەبرىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئادەتتىكىدەك رەستىگە بېرىپ دۇكىنىنى ئېچىپتۇ. ئۇ دۇكاندا ئولتۇرغانىكەن، بىر توپ ئادەمنىڭ تاياق زەربىدىن باش ـ كۆزى يېرىلغان، كىيىمى قىپقىزىل قانغا بويالغان ئىككى ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ، توختىماي ئۇلارنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. جاھانباينىڭ

يۈرىكى بىرنېمىنى تۇيغاندەك قىلىپ، سەكرەپ دۇكاندىن چۈشۈپ: «ھەي ئادەملەر، توختاڭلار!» دەپ ۋارقىراپ ئۇلارنى توختىتىپتۇ. بىرىپ قارىسا، تاياق يەپ قانغا غەرق بولغان ئىككى ئادەم ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى ئىكەن.

— بۇلارنى نېمە ئەيىب بىلەن ئۇرۇۋاتىسىلەر؟ نەگە ئېلىپ ماڭىدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ جاھانباي ئۇ ئادەملەردىن.

— بۇ ئىككىسى مۇشۇ جايدا تۇرغان ھەممىمىزدىن كۆپ پۇل قەرز ئالغانىدى. ئۇزۇندىن بۇيان پۇلىمىزنى بەرمەستىن قېچىپ يۈرىدۇ، بۈگۈن تۇتۇۋالدۇق. بۇ ئىككىسى: «رەستىدىكى كاتتا دۇكان بىزگە تەئەللۇق، شۇ دۇكاننى پۇلۇڭلارغا ھېسابلاپ سىلەرگە بېرەيلى» دېگەنىدى، ئەمما دۇكاننى ئاللىقاچان باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ بولغانىكەن. ئەمدى: «يايلاقتا يىلقىمىز، قوي، كالا پادىمىز بار، شۇنى بېرەيلى» دېدى. بىز بۇلارنى ئەنە شۇ يايلاققا ئېلىپ كېتىۋاتىمىز، — دەپتۇ ئۇ ئادەملەردىن بىرى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىمارۋازلار ئىكەن، ئەمما ئۇ كىشى: «بۇ ئىككىسى بىزگە قىماردا ئۇتتۇرۇپ قەرزگە بوغۇلغانىدى» دېمەستىن، «بىزدىن پۇل قەرز ئالغانىدى» دېگەنىكەن. جاھانباي بۇنى كۆڭلىدە چۈشىنىپ: «بۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، پۇلۇڭلارنى مەن بېرەي» دەپ ئاكىلىرىنى ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن بوشىتىپ دۇكىنىغا ئەكىرىۋاپتۇ. بۇ چاغدا جاھانباي تەنزىكەش ئەمەس، چوڭ بىر دۇكاننىڭ سالاپەتلىك خوجايىنى بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ ھېلىقى ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى، ئاكىلىرىدا قانچىلىكتىن ئېلىشى بارلىقىنى سورىۋېلىپ، ئۇلارغا: «ئۈچ كۈندىن كېيىن مانا مۇشۇ دۇكانغا كېلىپ پۇلۇڭلارنى مەندىن ئېلىڭلار» دەپ ئۇلارنى يولغا ساپتۇ. ئەھلى رەستە ئۆز ئارا جاھانبايغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈپتۇ، ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسىغا بولسا لەنەت - نەپرەت ياغدۇرۇپتۇ.

جاھانباي كەچتە ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ، لېكىن ئاكىلى-

رىنىڭ كەچۈرمىشىنى ئانىسىغا ئېيتماپتۇ. ئۇ ئاكىلىرىنى ھام-
مامدا يۇيۇندۇرۇپ، يېڭى كىيىم كىيگۈزۈپ ئۆيگە قايتۇرغانىكەن.
ئۇ ئەتىسى ئوردىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ قايتقاندىن كې-
يىن، ئانىسىنى پادىشاھنىڭ قۇدىسى، مەلىكىنىڭ قېيىنانىسى بو-
لۇپ قالغانلىقى بىلەن ھەيران قالدۇرماقچى، خۇشال قىلماقچى-
كەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە ئاكىلىرىنىڭ قىسمىتى ھەققىدە نۇرغۇن
خىياللارنى سۈرۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ،
چۈشىگە دادىسى كىرىپتۇ. دادىسى ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم، سېنىڭ
بېشىڭغا بەخت قۇشى قونغانلىقى بىلەن مۇبارەكلەيمەن. سەن
ئوردا ئەركانلىرىدىن بولۇپ قېلىش ئالدىدا تۇرىسەن. خەلق گويا
بىر ئەزىم دەريا، پادىشاھتىن تارتىپ پۈتۈن ئوردا ئەھلى مىسالى
بېلىق، بېلىق سۇدىن ئايرىلسا ياشىيالمىغاندەك، پادىشاھمۇ، ۋە-
زىر ــ ئەمەلدارلارمۇ، سەركەردىلەرمۇ خەلقتىن ئايرىلسا دەۋران
سۈرەلمەيدۇ. خەلقتىن ئايرىلمايمەن دەيدىكەنسەن، خەلقنىڭ
سىردىشى بول، دادىغا يەت، ئاندىن ئىشەنچ ۋە ھىمايىگە ئىگە بو-
لىسەن. بۇ ــ ئىناۋەت دېمەكتۇر. بۇنىڭ ئەكسى نەزەردىن چۈش-
مەكتۇر. دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئىناۋەتتىنمۇ ئۈستۈن شەرەپ
تاجى، نەزەردىن چۈشمەكتىنمۇ ئارتۇق پاجىئەلىك ھالاكەت بول-
مايدۇ. ئەمما، ئىناۋەتكە ئېرىشىش ئوڭاي ئەمەس. ئۇنىڭغا نائىل
بولۇش بىر قورام تاشنى ئېگىز تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىشتەك
مۈشكۈل بولسا، نەزەردىن چۈشۈش ئاشۇ قورام تاشنى تاغ ئۈس-
تىدىن پەسكە دومىلىتىۋېتىشتەك ئاساندۇر. پادىشاھمۇ، ئە-
مەلدارلارمۇ نەزەردىن چۈشسە، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىناۋىتى قال-
مايدۇ، خەلق ئۇلارنى غۇلىتىۋېتىدۇ. سەن پادىشاھقا كۈيئوغۇل
بولغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ قالىد-
سەن، سەن ئۈچۈن پادىشاھ بىلەن دىدارلىشىپ تۇرۇش، سۆھبەتـ-
لىشىپ تۇرۇش پۇرسىتى كۆپ بولىدۇ، شۇڭا سەن ئالدى بىلەن

يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنگىن، ۋاقتى كەلگەندە پادىشاھقا يەتكۈز، يۇرتنى تۈزە...» دەپتۇ. جاھانباي ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇ كۈنى سەھەردە مەسچىتتە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئانىسىغا: «مەن تىجارەت ئىشى بىلەن بىر يەرگە بېرىپ كەلمەكچىمەن، بىر مەزگىل ئۆيدە بولالمايمەن» دەپ چىقىپ كېتىپتۇ ـ دە، شەھەر ئىچى، يېزا ـ كەنتلەرنى ئارىلاپ، كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن تارتىپ يېزا ـ سەھرالاردىكى بەگلەر، مىڭبېشى، يۈزبېشى، ئونبېشى ۋە باشقىلارنى تەكشۈرۈپ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان پارىخور، خىيانەتچى، ستەمكارلارنى تىزىملىككە ئاپتۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق يۇرت ئارىلاپ يۈرگەندە، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن پادىشاھنىڭ بولمىش كۈيئوغلى ھەققىدىكى توقۇلمىلار ئۇنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ ـ دە، ئۇ، بۇ زادى نېمە گەپ؟ مەن پۇقرالارنى ئاشۇنداق غەم ـ قايغۇغا سېلىپ قويغان ئوخشىمامدىمەن، بۇنى بىر ئۇقاي، دەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئۇ ھويلىسىغا كىرسە، ھېلىقى بىر توپ ئادەم ئىككى ئاكىسىنى ئالدىغا سېلىپ: «ئۆينى نېمىشقا بىكارلاپ بەرمەيسەن؟» دەپ، ئۇلارنى ھويلىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتقۇدەك. يەنە بىر ئادەم جاھانباينىڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ: «بۇ ئۆينى بىكارلا» دەپتۇ. ئانا: «نېمىشقا بىكارلايمەن؟» دەپتىكەن، ئۇ ئادەم: «مەن بۇ ھويلىنى بارلىق ئۆي بىساتلىرى بىلەن ئىككى بايۋەچچىدىن ئۇتۇۋالدىم» دەپتۇ. شۇ چاغدا بۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىدا جاھانباي پەيدا بوپتۇ. ئۇلار ئۇۋۇسى بۇزۇلغان ھەرىدەك گۇررىدە قىلىپ جاھانباينى ئارىغا ئېلىۋاپتۇ.

— مەن سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارنى راسلاش ئۈچۈن بىر يەرگە بارغانىدىم. پۇلنى راسلىدىم، ئەمما چوڭ بىر دەريا ئەزىمدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، كەلكۈن كېلىپ قېلىپ كېمىلەر توختاپ

www.uyghurkitap.com

قالدى. ۋاقتىدا كېلەلمىدىم، سىلەر بەرگەن ئۈچ كۈنلۈك قە-
رەل ئۆتۈپ كەتتى، مانا ئاخىر كەلدىم. پۇلۇڭلارنى ئەتە مانا
مۇشۇ ئۆيدە تاپشۇرۇۋېلىڭلار، پۇل - ماللار ھازىر يېغىپ كې-
لىدۇ، — دەپتۇ جاھانباي.

— ئەمدى بىزنى ئالدىيالمايسەن، پۇلۇڭلارنى ئەتە بېرىمەن
دەپ، يەنە قېچىپ كەتمەكچىمۇسەن؟ — دەپ، پۇلنى ھازىر بەر-
مىسە كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ ئۇلار. جاھانباي:

— خوپ، ئۇنداق بولسا مەن بىلەن يۈرۈڭلار، سودا سارد-
يىغا بېرىپ پۇلۇڭلارنى ئېلىڭلار، بۇ چاغقىچە ماللار كېلىپ
بولغاندۇ، — دەپ ئۇلارنى باشلاپ ئۆيدىن چىقىپتۇ. ئۇ تۈپ-
تۈز ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئوردا ئالدىغا بارغاندا، ھېلىقى
ئادەملەرگە: «سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ھازىر
قايتىپ چىقىمەن» دەپ ئوردىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئوردىغا
كىرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ. شۇئانلا ئوردىدىن داقا - دۇمباق
ساداسى ياڭراپتۇ. ئارقىدىنلا جاكارچىلار: «كۈيئوغۇل كەلدى،
توي باشلاندى!» دەپ كوچىغا چىقىپ جاكار قىلىشقا باشلاپتۇ.
بايىقى ئادەملەر ھېلىقى يىگىتنىڭ پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى



ئىكەنلىكىنى بىلىپ غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ. پادىشاھ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ، قىزىنى جاھانبايغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. قىزى بىلەن كۈيئوغلىنى خاس قەسىرگە ئو-رۇنلاشتۇرۇپتۇ. جاھانباي ئانىسىنى ئۆز قەسرىگە ئەكېلىۋاپتۇ.

پادىشاھ كۈيئوغلى جاھانباينىڭ مۆتىۋەر سودىگەر ئائىلى-سىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن سودا ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ھەققىدە سۆھ-بەتلىشىپ قاپتۇ. ئۇ جاھانباينىڭ بۇ توغرىدىكى دانا پىكىر-لىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بوپتۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ: «دۆلەتنى قۇدرەتلىك قىلىش، خەلقنى باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشتا پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك. چارە - تەدبىر تېپىش ئۈچۈن شۇ زېمىندا قانداق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئىگىلەپ تۇرۇش لازىمدۇر» دېگەن سۆزى پادىشاھنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپتۇ.

— بىزنىڭ يۇرتىمىزدا قانداق ئىشلار بارلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

جاھانباي پادىشاھقا يۇرت ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىپ-تۇ ۋە يۇرتنى تۈزەش، بۇنىڭ ئۈچۈن مەرىپەت دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىش، بىلىم ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، مۇئەسسەسە-لەرنى پاك، دىيانەتلىك، ئىقتىدارلىق، يارامىلىق كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش، ناقابىللارنى، ھارامتاماقلارنى، زالىملارنى تازىلاش، ئادالەتنى تەختكە چىقىرىش، جەمئىيەتنى ئوغرى، قىمارۋاز، پاھىشە، بەڭگىلەردىن خالىي قىلىش قاتارلىقلار ھەققىدە تەكلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئېخمۇ مەمنۇن بولۇپ:

— ئوغلۇم، بۇ ئىشقا سىزدىنمۇ مۇناسىپراق كىشى يوق، — دەپتۇ. ئەتىسى پۈتۈن ۋەزىر - ئەمەلدارلارنىڭ ھۇزۇ-رىدا بېشىدىن تاجنى ئېلىپ جاھانبايغا كىيگۈزۈپ، ئۇنى

شاھلىق تەختكە چىقىرىپتۇ.

جاھانباي پادىشاھ ئالدىدا ئۆزى ئوتتۇرىغا تېخى ئۇلار-نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپتۇ، يۇرتنى تۈزەپتۇ، ئۆزىنى ئە-مىن قىلىپتۇ. ئىككى ئاكىسىنى ئوردا خىزمىتىگە ئاپتۇ. ئۇلارغا قىمارخانىلارنى، پاھىشىخانىلارنى، بەڭخانىلارنى تا-زىلاش، ئوغرى - يالغاننى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپتۇ. ئۇلار ئاۋۋالقى يامان قىلمىشلىرىغا توۋا قىلىپ، ئۆز خىزمەت-لىرىنى ساداقەتلىك بىلەن ئورۇنداپتۇ. جاھانباي پۇقرالارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ئىناۋىتى ئۆسۈپ، سەلتەنەت تەختى مۇستەھكەملىنىپتۇ.

ئەسلىدە دادىسىنىڭ چۈشىگە كىرگەن ھېلىقى ئاقساقال كىشى خىزىر ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇ جاھانباينىڭ بىلىم-لىك، ئەخلاقلىق، توغرا سۆز، خالىس نىيەت، ئادالەتپەرۋەر، خەلق سۆيەر ۋە ئاتا - ئانىغا ھۆرمەتچان، مېھرىبان ئىكەنلى-كىدەك ياخشى خىسلىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نەزەر تاشلىغانىكەن. كېيىن ئۇنىڭ چۈشىگە دادىسىنىڭ قىياپىتىدە كىرگەنمۇ ئەنە شۇ ئۇلۇغ خىزىر ئىكەن.

# ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ھېكىماخۇن دېگەن بىر ھۈنەرۋەن ئۆتكەنىكەن. بۇ ئادەمنىڭ بىلمەيدىغان ھۈنىرى، ئوقۇمىغان كىتابى يوق ئىكەن، ئۆزى ھەر تەرەپتىن ھېكمەتلىك ئىكەن، شۇڭا بۇ ئادەمنى خەلق ھېكمەتلىك ھېكىماخۇن دەپ ئاتايدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئادەم ئۈچ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بالىلىرىم، يېشىم بىر يەرگە يەتتى، ئۆمرۈم ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن ئۆتتى. خام ھېساب قىلغىنىمدا يەتمىش يەتتە تۈرلۈك ھۈنەر بىلىدىكەنمەن، شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭ بىلىدىغىنىم دۇنيادىكى ھۈنەرنىڭ مىڭدىن بىرىچىلىكمۇ ئەمەس. ئادەم بالىسىغا يەتمىش مىڭ ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ، ھۈنەرسىز ئادەم مېۋىسىز دەرەخ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن سىلەرگە ھۈنەر ئۆگىتىپ قوياي، ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ، بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە ئەسقېتىپ قالار.

— ئاتا، مەن رەسساملىق بىلەن نەققاشلىقنى ئۆگىنەي، — دەپتۇ چوڭ ئوغلى.

— مەن نەغمە ئۆگىنەي، — دەپتۇ ئوتتۇرانچى ئوغلى. كىچىك ئوغلى بولسا:

— ئاتا، مەن لەقەنباز[1] بولاي، — دەپتۇ. شۇ چاغدا چوڭ ئوغلى ئىنىسىغا:

— ئىنىم، سەن لەقەنبازلىقنى ئۆگەنمەي، باشقا ھۈنەر ئۆگەن، ئۇ ياخشى ھۈنەر ئەمەس، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاتىسى:

— بالىلىرىم، ھۈنەرنىڭ ياخشى - يامىنى يوق، چوڭ - كىچىكىمۇ يوق، پەقەت ھەركىشى تاللاپ ياقتۇرغان ھۈنىرىنى ئۆگىنىشى لازىم. ھەركىم ئۆزى خالىغان ھۈنەرنىلا ياخشى ئۆگىنىپ چىقالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىۋېرىسۇن، — دەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ھېكىماخۇن بالىلىرىغا ھۈنەر ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بالىلىرى ئۆزى خالىغان ھۈنىرىنى كامىل ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئاتىسى:

— بالىلىرىم، ئەمدى بىر - بىرىڭلارنىڭ ھۈنىرىنى بىر - بىرىڭلار ئۆگىنىشكە بېرىلىڭلار، — دەپتۇ.

بالىلىرى ئارىدىن بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپ، بىرىنىڭ ھۈنىرىنى بىرى ئۆگىنىپ، ھەربىرى ئۈچتىن ھۈنەرگە مۇكەممەل بوپتۇ. بالىلىرىنىڭ ئالدى ئون سەككىز ياشقا كىرىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى چىداملىق، پاكىز، ئەقىللىق ھۈنەرۋەنلەردىن بوپتۇ. بۇلارنىڭ ياسىغانلىرى، ئىشلىگەن ئىشلىرى خەلقئالەمنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ، مەنمەن دېگەن ھۈنەرۋەنلەرمۇ بۇلارغا باش ئېگىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېكىماخۇننىڭ داڭقى دۇنياغا تارقىلىپتۇ. ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن مۇتىۋەرلەر ھېكىماخۇننى زىيارەت قىلماي، ئۇنىڭ مەخسۇس سارىيىدىكى ھېكمەتلەرنى، نەرسە - كېرەكلەرنى كۆرمەي تۇرۇپ كەتمەيدىغان بوپتۇ،

---

[1] لەقەنباز — يەر قازغۇچى.

ھەتتا پادىشاھلارمۇ زىيارەت قىلىپ كېلىپ، ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى تەقدىم قىلىپ كېتىدىغان بوپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى باشقا بىر شەھەردىن ئون ئىككى مىڭ سودىگەر سودا ئىشلىرى بىلەن كېلىپ ھېكىماخۇن بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋال سوراپتۇ، مەخسۇس مېھمانخانىدا زىياپەتتە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن ئۇلار ھېكىماخۇننىڭ ھېكمەتلىرىنى كۆرۈپتۇ، ئاندىن مېھمانلار قايتار ئالدىدا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى تەقدىم قىپتۇ. شۇ ئارىدا بىرى ھېچ نەرسە سوۋغات قىلالماي، بىر قويىنىغا، بىر ھېكىماخۇنغا قاراپ تۇرغۇدەك. بۇنى سەزگەن ھېكىماخۇن، توختا، بۇنىڭدا بىر سىر بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كېلىپ، ھېلىقى كىشىنى ئېلىپ قاپتۇ. ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— سىز بىرنەرسە ئېلىپ كەلمەپتىمەن دەپ خىجالەتتە قالدىڭىزمۇ، نېمە؟ — دەپ كۆڭۈل سوراپتۇ ھېكىماخۇن.

— يوقسۇ، تەقسىر، مەن تېخى سىزنىڭ داڭقىڭىزنى ئاڭلاپ، ياش كىشى چېغى دەپ بىر قىزىل تون ئېلىپ كەلگەنىدىم، قارىسام، سىز مەن ئويلىغاندەك چىقمىدىڭىز، ئۆزىمىزنىڭ ئاتىسىدەك ئادەم ئىكەنسىز، شۇڭا ئېلىپ كەلگەن نەرسەم لايىق كەلمىگەندىن كېيىن، تەقدىم قىلسام بولارمۇ، بولماسمۇ دەپ ئويلىنىپ قالدىم، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— قېنى، كۆرسىتىڭ، — دەپتۇ ھېكىماخۇن.

ھېلىقى سودىگەر قويىنىدىن توننى ئاپتۇ، بۇنى كۆرگەن ھېكىماخۇن رەختنىڭ ئېسىللىقىغا، تىكىلىشىنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران قاپتۇ.

— مۇشۇنىڭغا خىجالەت بولدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ ھېكىماخۇن.

— يوقسۇ، تەقسىر، — دەپتۇ ھېلىقى سودىگەر تونىنىڭ

www.uyghurkitap.com

يانچۇقىدىن بىر قىزنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ. ھېكىماخۇن ئۇ سۈرەتنى كۆرۈپلا:

— ئوغلۇم، بۇ كىمنىڭ سۈرىتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىزنىڭ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى سودىگەر.

— ھە، ھە، — دەپتۇ ھېكىماخۇن، — ئادەمزات ئىچىدە مۇنداق ساھىبجامال بالىنىڭ تۇغۇلغىنىغا ئاپىرىن! رەھمەت، ئوغلۇم، دۇنيايىڭىز زىيادە بولسۇن، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن! — دەپ دۇئا قىلىپ قاپتۇ....

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى چوك ئوغلى بىر ئىش بىلەن ئامبارغا كىرىپ ھېلىقى قىزىل توننى كۆرۈپ قاپتۇ، توننى قولىغا ئېلىپ ھەيران بوپتۇ. ئۇنى بىر قېقىۋېتەي دەپ شۇنداقلا سىلكىشىگە، يانچۇقىدىن ھېلىقى قىزنىڭ سۈرىتى يەرگە چۈشۈپتۇ، ئوغۇل شۇ ھامان ئۇ قىزغا ئاشىق بوپتۇ. سۈرەتنى يانچۇقىغا سېلىپ ئامباردىن يېنىپ چىقىپتۇ - دە، شۇ كۈندىن باشلاپ سامانىدەك سارغىيىشقا باشلاپتۇ، گېلىدىن تاماق



ئۆتمەپتۇ، ئولتۇرغان يېرىدە خىيال سۈرۈپ، يۈرىكى ئوت بولۇپ، ھەسرەت ئىچىدە قاپتۇ....

ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ھېكىماخۇن خوتۇنىنى چاقىرىپ:

— خوتۇن، ئوغۇللىرىمىزنىڭ ئالدى چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆپ خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى، بەلكىم ئۆيلەنگۈسى كېلىپ شۇنداق قىلىدىغاندۇ، ھېلىقى سودىگەر سوۋغات قىلغان تونىنىڭ يانچۇقىدىكى پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتسەك، قانداق دەيسەن؟ — دەپتۇ.

— بېرەرمۇ؟ يا: «سەن گادايلار مېنىڭ قىزىمغا ئەلچى ئەۋەتىشكە قانداق پېتىندىڭ!» دەپ بىرەر خىيىمخەتەر يەتكۈزۈپ قويارمۇ؟ — دەپتۇ خوتۇنى.

— ئۇنىمايدىغان نېمە گەپ بار دەيسەن، قىز بالا دېگەن بەربىر ئەرگە ياتلىق بولىدۇ، — دەپتۇ ھېكىماخۇن. شۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن بىر پىكىرگە كېلىپ، ياخشى بىر ئادەمنى ئەلچى قىلىپ شەھەر پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتمەك بوپتۇ.

ئەلچىمۇ تېپىلىپتۇ، مەسلىھەتمۇ پىشىپتۇ. ئەلچى يولغا چىقار ئالدىدا:

— مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ چىقىڭلار، مەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

ئاتىسى دەررۇ ئامبارغا كىرىپ قارىسا، سۈرەت يوق، ئۇلار شۇ چاغدىلا ئوغلىنىڭ قىزغا ئاشىق بولۇپ، مەلىكىنىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپتۇ.

ئەلچى ئۈچ ئاي دېگەندە ھېلىقى شەھەرگە يېتىپ بېرىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. لېكىن، پادىشاھ ئۇلارنى گادايدىن گادايغا سېلىپ تىللاپ، ئوردىدىن قوغلىۋېتىپتۇ، ھەتتا ئۇلارنى زىندانغا سالماقچىكەن، باشقا ئەلدىن كەلگەنلى-

كىنى نەزەرگە ئېلىپ، رەھىم قىپتۇ. ئەلچىلەر ئاران قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ.

ھېكىماخۇننىڭ چوڭ ئوغلى ئەھۋالنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپتۇ، يۇرتىدىكى مەلىكىنىڭ ئوتى لاۋۇلداپ يېنىپتۇ. ئۇ ھېچ چىداشقا تاقەت قىلالماپتۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەيلا ئۇ ئىككى ئىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاتا - ئانىسىدىن رازىلىق ئېلىپ، ئەسۋاب - جابدۇقلىرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئۈچ ئاي يول يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى شام ۋاقتىدا قىزنىڭ شەھرىگە يېقىن بىر جايغا كېلىپ، بىر چايخانىغا چۈشۈپتۇ. بۇ كېچىسى ئۈچەيلەن ئۇخلىماي، ھەر قايسى يۇرتلاردىن كەلگەن يولۇچىلار بىلەن سۆھبەتتە بوپتۇ. ئاندىن پادىشاھلارنىڭ ئادالەتلىك ۋە ئادالەتسىزلىكلىرى ئۈستىدە گەپلىشىپتۇ. گەپتىن گەپ چىقىپ، ئارىدىن بىرى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ:

— بالىلىرىم، مېنىڭ يېشىم يۈز ئەللىككە يەتتى، تىرىكچىلىك ئىزدەپ بارمىغان يېرىم، تۇرمىغان شەھىرىم قالمىدى. قايسى شەھەرگە باراي، بىر چىشلەم نانغا زار، بىر پارچە لاتىغا خار بولۇپ ئۆتتۇم. ئاڭلىشىمچە، مۇشۇ شەھەردىن قوغلىنىۋېتىلگەن ئادەملەردىن يەتتە مىڭ كىشى ئالدىمىزدا تۇرغان تاغنىڭ ئىچىدە ئاچ - يالىڭاچ، ئازابتا ئىكەن... ئۇلارنىڭ نېمە كۈن كۆرۈۋاتقىنىنى كىم بىلسۇن، خۇدا ئۆزۈڭگە ئامانەت... — دەپتۇ.

ئەتىسى ئۈچ ئاكا - ئۇكا شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ، چۈش مەزگىلىدە پادىشاھنىڭ ئوردىسى يېنىدىكى بىر كىشىنىڭ سارىيىغا چۈشۈپتۇ. سارايىنىڭ ئايرىم بىر تەرىپىدىن تۆت ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، شۇ ئۆيدە تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بىر كۈنى بازاردىن بوياق، قەغەز سېتىۋېلىپ

گۈل ياساپتۇ. بۇ گۈلنى سېتىپ كېلىش ئۈچۈن سارايۋەنگە تاپشۇرغاندا، ئۇ بۇ گۈلنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران قېلىپ:

— باللىرىم، بۇنى قانچىگە سېتىپ كەلسەم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ گۈلنى ئون تىللاغا سېتىڭ، ئەگەر ئارتۇق ساتسىڭىز، ئارتۇقىنى ئۆزىڭىز ئېلىڭ، — دەپتۇ.

سارايۋەن ئۇنى بازارغا شۇنداق ئەكىرىش بىلەن كىشىلەر ھەر تەرەپتىن: «مەن ئالىمەن، مەن ئالىمەن» دېيىشىپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە سارايۋەن ئۇنىڭ باھاسىنى ئۆرلىتىپ ئون بەش تىللاغا سېتىپ، ئون تىللانى ئۈچ ئوغۇلغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

— ئوغۇللىرىم، بۇ ھۈنەرلىرىڭلارغا خەلقئالەم ھەيران قالدى، ياساپ بەرگەن گۈللەر تالاشتا قالدى، سىلەر ئېغىر كۆرمىسەڭلار، ماڭا كۆپرەك ياساپ بېرىڭلار، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر تۈرلۈك مەنزىرىلەرنى، جەڭلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى، ئويۇن - تاماشىلارنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىپ سارايۋەنگە بېرىپ تۇرۇپتۇ. سارايۋەن ھەش - پەش دېگۈچە سېتىپ، ئاقچىسىنى بالىلارغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بازاردا كېتىۋېتىپ، سارايۋەننىڭ قولىدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، دېگىنىگە سېتىۋېلىپ ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭمۇ سۈرەتكە كۆزى چۈشۈپتۇ، شۇ زامات ۋەزىردىن سورىۋاپتۇ - دە، ئۆيىگە كېلىپ:

— قىزىم، سېنىڭ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن نەرسىلىرىڭدىن بىرىنى تېپىپ كەلدىم، — دەپ ھېلىقى سۈرەتنى ئېچىپتۇ.

— پاھ، نېمىدېگەن ياخشى سۈرەت! بۇنى قەيەردىن ئالدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ڭىز؟ بۇنى سىزغان كىم ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ قىز.

— ۋەزىر بازاردىن ئېلىپ كەلگەنىكەن، شۇڭا دەپ سوراپ ئېلىۋالدىم، بىراق كىمنىڭ سىزغانلىقىنى سورىماپتىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ۋۇي، ۋەزىرنى چاقىرتساق، شۇ كىشىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ يەنە كۆپ رەسىملەرنى سىزدۇرساق، — دەپتۇ مەلىكە. پادىشاھ ۋەزىرنى چاقىرتىپتۇ.

— بۇنى كىمدىن ئالغانىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بىر سارايۋەندىن ئېلىۋىدىم، — دەپتۇ ۋەزىر.

— سارايۋەننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھنىڭ قىزى.

— بىلىمەن، ئەگەر لازىم بولسا، ھازىر چاقىرىمىز، — دەپتۇ ۋەزىر.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سارايۋەن قىزنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. مەلىكە سارايۋەندىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۈچ ئاكا - ئۇكىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. سارايۋەننىڭ پۇت - قولى يەرگە تەگمەي بېرىپ ھېلىقى بالىلارغا مەلىكىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپتۇ. «ھە، ئەمدى قولغا چۈشۈردۇق» دەپتۇ ئۇلار.

ئەتىسى چوڭى راسا ياسىنىپ مەلىكىنىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ. ئۇنى دەرۋازا ئالدىدا كېنىزەكلەر كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بىر چاغدا چوڭ ئوغۇل شۇنداق كېلىشكەن كېنىزەكلەر ئۇنى ئارىغا ئېلىپ، تۈپتوغرا مەلىكىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. مەلىكە ئوغۇلنى كۆرۈپ ئاشىق بوپتۇ، ئۇڭ يېقىدىن ئورۇن بېرىپتۇ، ئۇنىڭ جامالىغا قاراپلا قاپتۇ. كېنىزەكلەرمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ كۆز ئۈزەلمەي، چۆرىسىدىن كېتەلمەي قاپتۇ. مەلىكە:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھۈنەرۋەن بولىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— قانداق ھۈنەرلەرنى بىلىسىز؟ — دەپتۇ مەلىكە.
— يەتمىش ئىككى تۈرلۈك گۈل، يەتمىش ئىككى تۈرلۈك نەقىش، يەتمىش ئىككى تۈرلۈك ساز ۋە يەتمىش ئىككى تۈرلۈك يەر قېزىش ھۈنىرىنى بىلىمەن، — دەپتۇ يىگىت.
— ئۇنداق بولسا، ماڭا كۈمۈشقاپنىڭ سۈرىتىنى يىگىرمە تۈرلۈك گۈل بىلەن سىزىپ بېرەلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.
— سىز ئۈچۈن جېنىمنىڭ بارچە ئىشلەپ كۆرەي، — دەپتۇ يىگىت.
يىگىت كېلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ يىگىت كېچە - كۈندۈز ئۇيقۇدىن بىدار بوپتۇ. ئون كۈن توشقۇچە مەلىكىنىڭ كۆزى يىگىتنىڭ يولىغا بەند بوپتۇ.
ئون كۈنمۇ توشۇپتۇ. شۇ كۈنى مەلىكە كېچىچە كېنىزەكلىرى بىلەن يىگىتنىڭ كېلىشىگە تەييارلىق قىلىپ تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. كۈن ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلۈپ، مەلىكىنىڭ كۆزى راۋاقتىن يولغا تىكىلىپ تۇرغاندا، يىگىت ئىككى ئىنىسى بىلەن سارايۋەننى ئەگەشتۇرۇپ، سىزغان رەسىم ۋە گۈللىرىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە ئۇلارنى راۋاقتىن چۈشۈپ خۇشال قارشى ئاپتۇ، مەخسۇس تەييارلانغان ئۆيگە باشلاپتۇ. ئالدى بىلەن ئۇلار چايغا ئولتۇرۇپتۇ، چايدىن كېيىن، ئۇلار سىزىپ كەلگەن گۈللەرنى قاتىرىسىغا تىزىپ قىزلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەلىكە ۋە كېنىزەكلەر ھەيران بوپتۇ. كېنىزەكلەر: «مۇنۇ مېنىڭ، مۇنۇ مېنىڭ» دېيىشىپ كېتىپتۇ. بەزىلىرى جىلۋە قىلىپ، يىگىتلەردىن زادىلا كۆز ئۈزەلمەپتۇ.
بىر چاغدا يىگىتلەرنىڭ ئاكىسى كۈمۈشقاپنىڭ سۈرىتىنى شۇنداق بىر ئاچقانىكەن، بارلىق قىزلار: «ۋېيەي، ئاپىرىن !...» دېيىشىپ سۈرەتكە قارىغىنىچە، خۇددى جانسىز ئادەمدەك،

تۇرغىنى تۇرغان يەردە، ماڭغىنى ماڭغان يەردە، كۆلگىنى كۆلگەن پېتى قېتىپلا قاپتۇ. مەلىكىمۇ ئەقلىدىن ئازغاندەك، بىر سۈرەتكە، بىر يىگىتكە قاراپلا قاپتۇ. سۈرەتتە شۇنداق ئىشلەنگەنكى، باغ، باغ ئىچىدە نەچچە مىڭ تۈرلۈك گۈل بەت-مىش ئىككى تۈرلۈك مېۋە، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت تۈپ چىنار، چىنارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىپاڭ، شىپاڭنىڭ ئەتراپىدا يەتمىش ئىككى خىل ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل، گۈل ئۈستىدە بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان، چۆرىسىدە مەرۋايىتتەك سۇلار ئېقىپ تۇرغان، شىپاڭغا زىلچا - گىلەم سېلىنغان، بىر تەرىپىدە كېنىزەكلەر ئولتۇرۇشقان، بىر تەرىپىدە ساز، نەغمە - ناۋا قايىنىغان، ئوتتۇرىدا بولسا مەلىكە ئۇسسۇلغا چۈشكەن ھالەتتىكى كۆرۈنۈش.

— سىزنىڭ بۇ باھاسىز ھۈنىرىڭىزگە نېمە بېرىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— ھېچ نەرسە بەرمەيسىز، بۇ بىزنىڭ سىزنى ھۆرمەت-لەپ، ئىززەتلەپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتىمىز. ئەگەر خالىسى-ڭىز، بىز سىزدىن ھېچ نەرسىمىزنى ئايىمايمىز، — دەپتۇ يىگىتلەرنىڭ چوڭى.

مەلىكە ھەممىنى چۈشىنىپتۇ - دە، مېيىقىدا كۈلۈپ قو-يۇپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىرىپەس ساز چېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ. يىگىتلەر ساز باشلاپتۇ - دە، دەررۇ پەدىنى ئۇسسۇلغا يۆتكەپتۇ. ئويۇن - تاماشا، ئۇسسۇل بولغان يەردە ئۆزىنى تۇ-تۇۋالالمايدىغان مەلىكە بىر ئۇسسۇلغا چۈشۈپتىكەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ كېنىزەكلىرىمۇ ھەيران قاپتۇ. ئۇ ھېچقاچان ئوينى-مىغان ئۇسسۇللارنى ئويناپتۇ. بىرىپەس ئۇسسۇلدىن كېيىن ئۇلار قايتماقچى بوپتۇ. قايتار ئالدىدا يىگىت مەلىكىنىڭ ئۆز-لىرى تۇرغان سارايغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى سوراپتۇ. مە-

لىكە دادىسىنىڭ ئۇۋدىن كېلىدىغان ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلى-
قىنى ۋە ئۇنىڭ رەھىمسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئا-
خىردا، ئەگەر ئامال بولسا، يىگىتتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇ-
سى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ يىگىت، — نەق بىر ئاي دېگەندە
بىز سىزنىڭ ياتىدىغان ھۇجرىڭىزدىن تېشىپ چىقىمىز. شۇ-
نىڭ بىلەن سىزنى ھەر كۈنى كېچىسى قېشىمىزغا ئېلىپ
بېرىپ كۆڭۈل ئاچىمىز، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ — دەپتۇ.

— جېنىم - تېنىم بىلەن باراتتىم، — دەپتۇ مەلىكە.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋەدىنى پىشۇرۇپ، خوشلىشىپ
قايتىپتۇ.

يىگىتلەر سارايغا كەلگەندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ ياتىدى-
غان ھۇجرىسىدىن چىقىدىغان يولنى ياساشنى مەسلىھەتلىشىپ-
تۇ. كىچىك ئىنىسى ئۈچ كۈن كوچىنى ئايلىنىپ مۆلچەرلەپ
چىقىپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى كېچىسى يەر قېزىشقا باشلاپتۇ. توپ-
توغرا بىر ئاي بولغاندا، مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىدىن تېشىپ چى-
قىپتۇ. مەلىكىمۇ ئۇ يەرگە بىلىنمەس قىلىپ ئىشىك بېكىتكۈ-
زۇۋاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەلىكە ھەر كۈنى كېچىسى ئەل ئۇخلىغان-
دىن كېيىن، راسا ياسىنىپ، ھېلىقى يول بىلەن خاتىرجەم
يۈرۈپ، سارايدىكى ئاشىقىنىڭ يېنىغا چىقىپ مۇھەببەتلىشىپ
يۈرۈپتۇ. ئۇلار ھەر جۈمە كېچىسى نەغمە قىلىدىكەن، مەلىكە
ئۇسسۇل ئوينايدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، سارايدا بولغان نەغمە - ناۋا، ئۇسسۇلنى
كۆرگەن كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشكە باشلاپتۇ. بارا -
بارا جۈمە ئاخشىمى سارايدا ئادەم قاينايدىغان بوپتۇ. دىل ئارا-
بى تارتقان يوقسۇللار نە - نەلەردىن كېلىپ ساز ئاڭلاپ،

ئۇسسۇل كۆرۈپ كېتىدىغان بوپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە سارايۋەنمۇ بوش كەلمەي ھەق ئالىدىغان بولۇۋاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئويۇننى پادىشاھنىڭ ۋەزىرى كىرىپ كۆرۈپتۇ. تا تۈن يېرىم بولۇپ، بەزمە تۈگىگۈچە ھېچ چىقىپ كېتەلمەي قاپتۇ. سەھنىنىڭ چىرايلىقلىقى، ئۇنىڭدىكى كۆرۈنۈشنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى، نەغمە ـ ناۋانىڭ مۇڭلۇقلۇقى، قىزنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇسسۇلىنىڭ چىرايلىقلىقى ۋەزىرنى رام قىلىۋاپتۇ، بىراق مەلىكىنى تونۇيالماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋەزىر بارلىق ئىشنى تاشلاپ، ھەر جۈمە ئاخشىمى سارايغا كېلىپ ئويۇن كۆرىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر سارايدىكى ئويۇندىن پادىشاھنى خەۋەردار قىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئويۇننى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، بىر جۈمە ئاخشىمى بارلىق ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھېلىقى ئويۇنغا بېرىپتۇ. بىراق، پادىشاھ ئۆز قىزىنى تونۇماپتۇ، چۈنكى قىزنىڭ بۇنداق يەرلەرگە كېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقى خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ. ئەكسىچە، شۇ كۈندىن باشلاپ قىزغا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. دەسلەپتە قىزغا ئاشىق بولغىنىنى ۋەزىرلىرىگە ئېيتماپتۇ، لېكىن ھەر جۈمە ئاخشىمى بۇ ئويۇنغا بېرىشقا ئالدىراپتۇ.

پادىشاھ بىر كۈنى ۋەزىرى بىلەن ئايرىم بىر ئۆيدە ئولتۇرغاندا، ئىلاجسىز:

— ئەي ۋەزىر، ساڭا ئېيتمىسام بولماس، مەن ھېلىقى سارايدا ئۇسسۇل ئوينىغان قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىم، ئۇ قىز زادى مېنىڭ چۈشۈمدىن چىقمايدىغان بولدى. قانداقلا بولسۇن، مەن ئۇ قىزنى ئېلىشىم كېرەك. ناۋادا شۇ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالسا، ئۆزۈڭ ئامالىنى قىلارسەن، — دەپتۇ.

ۋەزىر:

www.uyghurkitap.com

— ئەي پادىشاھىم، ئامال قىلىدىغىنى نېمىسى، پادىشاھ-نىڭ ئەمرى ۋاجىپ، بىرلا ئەمر قىلىمىز، ئىش تامام - ۋەس-سالام، ھا - ھا - ھا! — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغىنى خەلپەت ئۆ-لىما، بەگلەرگىمۇ مەلۇم بوپتۇ، ھەتتا قىزنى بەرمىسە، تارتىپ ئەكېلىش ئۈچۈن ئاتارمەن - چاپارمەنلەرمۇ بەلگىلىنىپتۇ.

ئاخشىمى جۇمە ئاخشىمى بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئوردا ئەھلىنى ئەگەشتۈرۈپ سارايغا بېرىپتۇ. ئويۇنمۇ باشلىنىپتۇ. ئالدىدا بىرپەس ناخشا - كۈيلەر چېلىنىپ، ئاندىن ساز ئۇس-سۇل پەدىسىگە يۆتكىلىپتۇ. پادىشاھ بولسا، ئاشىق بولغان قىزنىڭ چىقىشىنى كۆزى تۆت بولۇپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا قىز سەھنىنىڭ بىر چېتىدىن ئېتىلىپ چىقىپتۇ - دە، ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ ئاغزىنى ئېچىپ، تۈكۈرۈكى-نى يۇتۇپ، قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەپتۇ.

قىز شوخ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ راسا قىزىغاندا، پادىشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئۆلىماسى ئۇنىڭ مەلىكە ئىكەنلىكىنى سېزىپ قاپتۇ - دە، دەررۇ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا ئېيتىپتۇ. شۇ زامات پادىشاھنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپتۇ، ئورنىدىن تىك تۇرغان پې-تى توپتوغرا ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئاخشىچە مەلىكە دادىسىنىڭ ئۆگسۈلى يوق قايتقانلىقىنى سېزىپ، دەررۇ ئۇسسۇلنى توختىد-تىپتۇ - دە، كىيىمىنى يۆتكەپ، يەر ئاستىدىكى يول بىلەن قۇ-يۇندەك يۈگۈرۈپ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ، ھېچنېمىنى كۆرمىگەن ئا-دەم بولۇپ يېتىۋاپتۇ.

ھايال ئۆتمەي پادىشاھ ئىككى جاللاتنى ئەگەشتۈرۈپ، قو-لىغا مەشئەل تۇتۇپ، مەلىكىنىڭ ئۇخلاۋاتقان ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ. قارىسا، مەلىكە دۇنيادىن بىغەم ئۇخلاۋاتقان. پادىشاھ تۈيدۈرماي قايتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئەتىسى ھېلىقى

ئۆلىمانى: «قىزىمغا ھاقارەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن» دەپ كال-لىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ، لېكىن ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ھېچكىمگە ئۇقتۇرماپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەش بوپتۇ، لې-كىن قىزنى ئېلىش ئۈچۈن توي تەييارلىقىنى توختاتماپتۇ.

يەنە بىر جۈمەمۇ كېلىپ قاپتۇ. پادىشاھ خېلى بۇرۇنلا سارايغا بېرىۋاپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆلىمانىڭ سۆزى ھېچ چىقماپتۇ. ئويۇن باشلىنىپ قىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ راسا سىنچىلاپ قاراپ ئۆزىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى يۈرىكى تۇيۇپتۇ، بىراق يەنە ئىشەنمەپتۇ. شۇڭا، ۋەزىرگە:

— ئەي ۋەزىر، سەن بىرنەرسە سېزىۋاتامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:

— يوقسۇ، ھېچ نەرسە سەزگىنىم يوق، جانابلىرى، بىرنەرسە سېزىۋاتامدىلا؟ — دەپ پادىشاھتىن سوراپتۇ.

— بۇ قىز ئەجەب مېنىڭ قىزىمغا ئوخشايدىغۇ، — دەپ-تۇ پادىشاھ. ۋەزىر راسا سىنچىلاپ قاراپ:

— شۇنداقمۇ يا! — دەپتۇ.

— سەن مۇشۇ يەردە قاراپ تۇر، مەن ئۆيگە بېرىپ كې-لەي، — دەپتۇ-دە، ئوردىغا مېڭىپتۇ. كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ پادىشاھقا يول بېرىپتۇ. پادىشاھ دەرۋازىدىن چىقىپ ئوردىغا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا قىزمۇ ئۇسسۇ-لىنى توختىتىپ، ھېلىقى يول بىلەن ئۆيىگە بېرىپ جىم يېتىۋاپ-تۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يەنە قايتىپ سارايغا كەپتۇ. پادىشاھ كەلسە، قىز ئۇسسۇل ئويناۋات-قان. پادىشاھ ۋەزىردىن:

— مەن كەتكەندىن كېيىن قىز يەنە ئۇسسۇل ئويناۋەردى-مۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، سىز كەتتىڭىز، ئۇسسۇل توختىدى. سىز كېلىشىڭىز بىلەنلا ئۇسسۇل باشلاندى، — دەپتۇ ۋەزىر.

مەلىكە بولسا، بۇقېتىم ئادەتتىكى كىيىمى بىلەنلا ئۇسسۇلغا چىقىپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ «ۋاھ !» دەپتۇ - دە، يەنە ئورنىدىن تۇرغان پېتى ئوردىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ ۋە توپتوغرا قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ، پادىشاھنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭلا مەلىكىمۇ يەر ئاستىدىكى ئىشىكتىن چىقىپ كەپتۇ.

— ھەي مۇناپىق ! — دەپلا پادىشاھ قىزىنى قوغلاپتۇ. مەلىكە كەينىگە يېنىپلا قېچىپتۇ. پادىشاھ كەينىدىن چۈشۈپ يەر ئاستى يولىدا قوغلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئويۇن قويۇلۇۋاتقان يەردە تەڭلا پەيدا بوپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپتۇ.

پادىشاھ بۇ يىگىتلەرنىڭ ھۇنەر - سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ ۋە ۋەزىردىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

— بىز بۇ يىگىتلەرنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقايلى، — دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ سورىغانىكەن، بۇ يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاۋات دېگەن شەھەردىكى ھېكىماخۇن دېگەن ھۇنەرۋەننىڭ ئوغۇللىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇچىلىسىنىڭ ھۇنەردە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى، پادىشاھنىڭ قىزىنى سۈرىتىدىن كۆرۈپ بۇ شەھەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھمۇ، ۋەزىرمۇ ۋە ئويۇن - تاماشا كۆرۈپ تۇرغۇچىلارمۇ يىگىتلەرنىڭ ھۇنەردىكى ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. پادىشاھ قىزىنى يىگىتلەرنىڭ چوڭىغا بېرىپ، توي - تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. يىگىتلەر قىزنى ئېلىپ ئۆز يۇرتلىرىغا كېتىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# پەرى قىز بىلەن تازنىڭ ھېكايىسى


بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە بىر باي بولۇپ، ئۇ باينىڭ ئىككى خوتۇنى بار ئىكەن. ئۇ خوتۇنلارنىڭ بىرى ئىككى ئوغۇل تۇغۇپتۇ، يەنە بىرى بىر ئوغۇل تۇغۇپ، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل چوڭ خوتۇنىنىڭ قولىدا قاپتۇ. چوڭ خوتۇننىڭ ئۆگەيلىكى قاتتىق بولغاچقا، بالىغا ياخشى قارىماپتۇ. ئۇ پاسكىنىچىلىق ئىچىدە، بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق يۈرۈپ چوڭ بوپتۇ، ئاقىۋەتتە ئۇنى جاراھەت بېسىپ، بېشى گەدەنگە كەلگۈچە ئاپئاق قوماق تاز بولۇپ كېتىپتۇ. ئاكىلىرى ئۆيلىنىپتۇ، بۇ بالا بولسا ئۆيدە چاكارنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. ئۇنى ئائىلىسىدىكى ھەممىسىلا «تاز» دەپ ئاتايدىكەن، ئۆزىنىڭ ئىسمى بولسا ئۇنتۇلۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى باي ئۆزىدىن كېيىن قالسا بالىلىرىنىڭ قانداق ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى، قانداق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانسا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، ئوغۇللىرىنى چاقىرتىپتۇ ۋە:

— بالىلىرىم، بۈگۈن سىلەر بالدۇرراق ئۇخلاپ چۈش كۆرۈڭلار، چۈشۈڭلاردا نېمە كۆرگەن بولساڭلار، ئەتە ماڭا ئېيتىپ بېرىسلەر، — دەپتۇ.

باينىڭ چوڭ ئوغۇللىرى ئاياللىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ

ئۇخلايدىكەن، كىچىك ئوغلى بولسا دائىم ئات ئېغىلىدا
ئۇخلايدىكەن. چوڭ ئوغلى ئاخشىمى ياتقاندا ئەتىسى دادىسىغا
نېمە دەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، چۈشۈمدە ناھايىتى نۇرغۇن يەرگە
ئىگە باي بوپتىمەن، نەچچە يۈزلىگەن چاكار مېنىڭ قول ئاس-
تىمدا ئىشلىگۈدەك، ساڭ ـ ساڭدا ئاشلىقلىرىم لىق تۇرغۇ-
دەك، دېسەم بولمىدىمۇ، دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئوتتۇرانچى
ئوغلى، چوڭ بىر شەھەردە لەپكە ئېچىپ، سودىگەرچىلىك قى-
لىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، دېسەملا بولمىدىمۇ، دەپ كۆڭلىگە
پۈكۈپتۇ. كىچىك ئوغلى ئېغىلغا كىرىپ ھېچ نەرسىنى ئوي-
لىمايلا، ئويلاشنىمۇ ھەم خالىماي ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ ئوڭ تى-
زىدا كۈن، سول تىزىدا ئاي، ئوتتۇرىدا يۇلتۇز تۇرغان ھالەت-
تە چۈش كۆرۈپتۇ. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، مەن ئاجايىپ
چۈش كۆرۈپتىمەن، بۇنى دادامغا ئېيتسام قانداق بولىدۇ،
ئېيتمىسام قانداق بولىدۇ؟ بۇنى ئېيتقىنىمدىن ئېيتمىغىنىم



ياخشى، ئاكاملار ئاڭلاپ قالسا، مېنى مازاق قىلىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

باي ئەتىگەنلىكى بالىلىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۇلارنىڭ نىمە چۈش كۆرگەنلىكىنى سورىغانىكەن، چوڭ ئوغلى:

— دادا، چۈشۈمدە سەن ماڭا نۇرغۇن يەر ئېلىپ بېرىپسەن، نەچچە يۈز ئادەمنى ئالدىمغا سېلىپ دېھقانچىلىق قىلىۋاتقۇدەكمەن، — دەپتۇ.

— ياخشى، سەن دېھقانچىلىقنى ياخشى كۆرىدىكەنسەن، ئارزۇيۇڭ بويىچە مەن سېنى دېھقانچىلىققا سېلىپ قوياي، — دەپتۇ باي. ئۇ يەنە ئوتتۇرانچى ئوغلىدىن سورىغاندا، ئۇمۇ ئاخشام ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. باي ئۇنىمۇ ئارزۇسىغا يەتكۈزمەكچى بوپتۇ. ئاخىردا باي:

— ھە، تاز، سەن قانداق چۈش كۆردۈڭ؟ — دەپ سورىغانىكەن، تاز:

— دادا، مەن چۈشۈمدە ئېغىلدىكى ئات - كالىلارنىڭ ئاستىنى تازىلاپ چۈش كۆرۈپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، سەن مۇشۇ ئىككى ئاكاڭنىڭ يۈندىپۇرۇشلۇقىنى قىل جۇمۇ! — دەپتۇ باي ئۇنىڭغا.

شۇنىڭدىن كېيىن باي چوڭ ئوغلىغا يەر ئېلىپ بېرىپ، مەدىكار سېلىپ دېھقانچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ئوتتۇرانچىسىغا دۇكان ئېچىپ بېرىپتۇ، كىچىك ئوغلىغا بولسا: «يۈندىپۇرۇشلۇقنى قىل» دەپتۇ.

ئارىدىن ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ باي ئۆلۈپ قاپتۇ. دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن بۇ تاز بىرنەچچە كۈن چوڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە، يەنە بىرنەچچە كۈن كىچىك ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە يۈگۈرۈپ يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

بۇ تازنىڭ ھېكايىسى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز

گەپنى باشقا ياقتىن باشلايلى:

باشقا بىر شەھەردە بىر ئەتىگەنلىكى جامائەت بامدات نا-مىزى ئۆتەش ئۈچۈن مەسچىتكە كىرسە، يېڭى تۇغۇلغان بىر بوۋاق يۆگەككە ئورالغان ھالدا يىغلاپ ياتقۇدەك. مەسچىتكە ئەڭ ئالدىدا كىرگەن مەزىن بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، ئۇ قىز ئىكەن. جامائەت مەسلىھەتلىشىپ، بۇ قىزنى مۇشۇ مەسچىتنىڭ جامائىتىنىڭ بىرى بولغان بالىسىز بىرىگە بې-رىپتۇ. بۇ قىز ئۇ كىشىنىڭ قولىدا چوڭ بولۇپ بويىغا يې-تىپتۇ. بويىغا يەتكەن بۇ قىز شۇ شەھەردىكى ئوتتۇراھال بىر باينىڭ بالىسى بىلەن تېپىشىپ قاپتۇ. بۇ بالا قىزنىڭ دادى-سىغا ئەلچى ئەۋەتكەنىكەن، ئۇ كىشى: «ئۇ باينىڭ بالىسىغا قىزىمنى بەرمەيمەن» دەپ ئۇنىماپتۇ. قىز دادىسىنىڭ رازى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوغۇل بىلەن قېچىپ كېتىش نىيە-تىگە كېلىپ، ئىككىسى قاچماقچى بوپتۇ ـ دە، شۇ كېچىسى تۈن يېرىمدا ئۈچرىشىدىغان ئورۇننى بەلگىلەپتۇ. ئوغۇل ئىك-كى ئاتنى توقۇپ تەييارلاپ ئېلىپ كېلىدىغان بولۇپ قايتىپ-تۇ. ئوغۇل ۋەدە بويىچە ئىككى ئاتنى توقۇپ ئېلىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ۋاقىت تېخى بالدۇر ئىكەن، شۇڭا ئۇ دالدىراق بىر جايىنى تېپىپ ئولتۇرۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ ـ دە، دالدا يەردە ئولتۇرغىنىچە ئۇگدەپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

يىگىت ئۇ يەردە ئۇخلاپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى تازدىن ئاڭلايلى:

ھېلىقى تاز ئاكىلىرىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ ئۇلارنىڭ ئازابىغا چىدىماپتۇ، چۈنكى قايسى ئاكىسىنىڭكىلا ئۆيگە بارسا، ئۇنىڭغا ئارامچىلىق يوق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاياق ـ توقماق، تىل ـ ئاھانەتلەرمۇ ئۇنىڭ جېنىغا پېتىپتۇ. بۇ ئازابلارغا چىدىمىغان تاز ئۆز شەھىرىنى تاشلاپ باشقا شە-

ھەرگە قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. ئۇ ماڭغىنىچە بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر كېچىسى ھېلىقى قىز بار شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. قاراڭغۇ كېچىدە قەيەرگە بېرىشىنى بىلمىگەن تاز تاڭ ئاتقۇزۇش ئۈچۈن دالدا يەر ئىزدەپ مېڭىپ ھېلىقى بالا ئۇخلاپ قالغان يەرگە بېرىپ قاپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بىرى ئىككى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ئۇخلاۋاتقۇدەك. تاز ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ: «خۇدا بەردى» دەپلا بىر ئاتقا مىنىپ، يەنە بىر ئاتنى يېتىلەپ، تار كوچىلار بىلەن كېتىپ بارغاندا، بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىر قىز يۈگۈرۈپ كېلىپلا: «كەلدىڭىزمۇ؟» دېگەنىكەن، تازمۇ ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمايلا: «ھەئە» دەپتۇ. قىز يېتىلەكتىكى ئاتقا مىنىپتۇ ـ دە، تازنىڭ كەينىدىن يولغا راۋان بوپتۇ. تاز بارا ـ بارا ئەھۋالنى چۈشىنىپ قىزدىن ئۈزاپ مېڭىپتۇ، چۈنكى ئۇ قىز ماڭا يېقىن ماڭسا، مېنىڭ تاز ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ قېلىپ قايتىپ كېتىدۇ دەپ ئەنسىرەپ، قىز بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق قالدۇرۇپ مېڭىپتۇ. تاڭ ئاتقۇچە ئۇلار شەھەردىن خېلى بەك ئۇزاپ كېتىپتۇ. قىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى يېتىشتۇرمەي ماڭغىنىغا ھەيران بولۇپ، ئاخىر ئۇنى ۋارقىراپ توختىتىپ يېنىغا بېرىپ قارىسا، بۇ ھېلىقى ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىت ئەمەس، بەلكى يېنىغا ئادەم يېقىن كېلىشتىن يىرگىنىدىغان بەتبەشىرە بىر تاز تۇرغۇدەك. قىز: «ئاھ خۇدا» دەپلا ئۆز پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ. قايتىپ كېتەي دېسە، ئەمدى كېتىش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەنى مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ تەقدىرگە تەن بېرىپتۇ، ئۇلار شۇ ئەتراپتىكى بىر ئورمانلىققا بېرىپ دەم ئېلىپ، باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئاتلىرىنى تويغۇزۇپتۇ. ئاندىن ئۇلار كېچە ـ لەپ يول مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ بېرىپ، بارىدىغان جا ـ

يى بولمىغانلىقتىن بىر دەرۋازىنى قېقىپتۇ. دەرۋازىدىن بىر بوۋاي چىقىپ:

— نېمە ئادەم سىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.


— بىز يولۇچى ئىدۇق، بارىدىغان يېرىمىز بولمىغاچقا، مۇشۇ يەردە قونۇپ كېتەيلى دېۋىدۇق، — دەپتۇ تاز. بوۋاي ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن قارىسا، يىگىت قوماق تاز، قىز بولسا پەرىدەك گۈزەل بىر قىز ئىكەن. بوۋاي، تاز بۇ قىزنىڭ نېمىسىدۇ؟ قىزنىڭ ئېرىمىكىن دەي دېسەم، بۇ قىز بۇنداق تازنى ياراتمايدۇ، بەلكىم خىزمەتكارى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. تاز بىلەن قىز بۇ ئۆيدە قونۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە بوۋاي ئۇلاردىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇلار ئېنىق بىرنەرسە دەپ بېرەلمەپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ بوۋاي ئەھۋالنى چۈشىنىپ:

— سىلەر بىر يەردىن قېچىپ كەپسىلەر، قارىغاندا، بارار - تۇرار جايىڭلار يوق ئىكەن. ئەمدى بىزنىڭ ئۆيدە قېلىڭلار، بۇ ئۆيدە بىز بوۋاي - مومايدىن باشقا ئادەم يوق. مەن ئىمام - مەزىنلەرنى چاقىرتىپ، سىلەرنى نىكاھ قىلدۇرۇپ قوياي، — دەپ ئىمام - مەزىنلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ نىكاھ قىلدۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئۇلار شۇ بويىچە بوۋاينىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېرىپتۇ. تاز ئەتىدىن - كەچكىچە قىزنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدىكەن، چۈنكى قىزدىن يىراقلاپ كەتسەم، قىز مېنى تاشلاپ قېچىپ كەتمىسۇن، دەپ ئەنسىرەيدىكەن. ئۇلار ھېچقانداق ئىش - ھەرىكەت قىلماي يېتىپ يەۋەرگەچكە، قىزنىڭ ئېلىپ كەلگەن پۇلىمۇ تۈگەپ قاپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قىز تازغا:

— سەن بىرەر ئىش تېپىپ قىلمىساڭ، ئەمدى نېمە يەپ، نېمە ئىچىمىز؟ — دېگەندىن كېيىن، تاز بىر كەتمەننى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېچىلغان بىلىم ئادرېسى



ئېلىپ مەدىكار بازىرىغا بارغان بولسىمۇ، ھېچ-كىم ئۇنىڭغا ئېتىبار بەر-مەپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قىز ئويلاپ بىر ئامال تېپىپتۇ. تاز قىز-نىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بويىچە بوۋاينىڭ چوك سۆپۆرگىسىنى ئېلىپ سەھەردە بېرىپ پادى-شاھنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىنى سۆپۈرۈپ قويۇپ قايتىپ كەپتۇ. ئىككىن-چى كۈنىمۇ شۇنداق قىلغاندىن كېيىن، دەرۋازىۋەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— پادىشاھىئالەم، ئىككى كۈن بولدى كىمدۇر بىرى سەھەردە كېلىپ دەرۋازا ئالدىنى سۆپۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى كۆ-رۈنمەي كېتىپ قېلىۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ:

— ئۇنداق بولسا، بۈگۈن كېچە ئۇخلىماي كۆزەت قىل، ئاشۇ كىشى كېلىپ دەرۋازا ئالدىنى سۆپۈرگەندە، تۇتۇپ مې-نىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ. دەرۋازىۋەن شۇ كېچىسى ئۇخلىماي كۆزەت قىپتۇ. شۇ كۈنى قىز تازغا:

— يا بۈگۈن، يا ئەتە سېنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىدۇ، شۇ چاغدا سەن پادىشاھقا دەيدىغان گەپنى بى-لىۋال، — دەپ ئۇنىڭغا يەنە ئەقىل ئۆگىتىپتۇ. دېگەندەك ئە-

تىسى سەھەردە دەرۋازىۋەن ئۇنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرگەندە، پادىشاھ:

— سەن نېمە ئادەم؟ نېمىدەپ ھەر كۈنى كېلىپ مېنىڭ دەرۋازامنىڭ ئالدىنى سۈپۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بۇ شەھەرگە كېلىپ قالغان بىر مۇساپىر، — دەپتۇ تاز ئايالىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە، — مېنىڭ ئايالىمۇ بار، لېكىن بىزدە ھېچقانداق بايلىق يوق، نامراتچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ قالدۇق، شۇڭا جانابىي شاھنىڭ رەھمى كې-لىپ ماڭا بىرەر ئىش كۆرسىتىپ قويارمىكىن، دەپ دەرۋازى-نىڭ ئالدىنى سۈپۈرگەنىدىم.

پادىشاھ ئۇنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ راستىنلا رەھمى كېلىپ:

— بوپتۇ، سەن مېنىڭ ئاتلىرىمنى بېقىپ، ئۇلارنىڭ ئا-يىغىنى تازىلاپ، ئىشلەپ قالغىن، — دەپتۇ. تاز «ماقۇل» دەپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئايالىغا خۇشال ھالدا بولغان ئەھۋالنى ئېيتقانىكەن، ئايالى:

— ياخشى بوپتۇ. مەن ساڭا يەنە بىر قۇر يېڭى كىيىم تىكىپ بېرەي. ئىشلىگەندە كونا كىيىملەر بىلەن ئىشلىسەڭ-مۇ، ئوردا قورۇسىدا بىكار يۈرگىنىڭدە بۇ يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ چىرايلىق يۈرگىن، — دەپ بىر قۇر يېڭى كىيىم تەييارلاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تاز پادىشاھنىڭ قورۇ-سىدا ئايالىنىڭ دېگىنى بويىچە يۈرۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ بىر يەرگە شىكارغا بارماقچى بوپتۇ. پادىشاھنىڭ سىرتقا چىقىدىغان ۋاقتىدا ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان ئادىمى ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئامالسىز تاز-نى ھارۋا ھەيدەشكە بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ شەھەرنى ئارىلاپ ياخشى - يامان ئىشلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ مېڭىپتۇ. شۇ كۈنى ھاۋا

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى ئىسسىپ كېتىپتۇ. ۋەزىر بىلەن پادىشاھ تولىمۇ ئۇسساپ كېتىپ، تازغا:

— ھارۋىنى چەتكىرەك تارتقىن، بىز ئۇسسۇلۇقنى چىۋالايلى، — دەپتۇ.

— مانا ھازىر، — دەپتۇ تاز ھارۋىنى ئۆزىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاپىرىپ توختىتىپ، — مەن سىلەرگە ئۇسسۇلۇق ئاچىقىپ بېرەي، — دەپلا ئۆيىگە كىرىپ، ئايالىغا:

— ئۇسسۇلۇق بەرگىن، — دەپتۇ.

— ئۇسسۇلۇق ئىچكىلى كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئايالى.

— ياق! — دەپتۇ تاز، — پادىشاھ شەھەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئۇسساپ كەتكەندى، شۇنى ئېلىپ كەلدىم.

— تولىمۇ يامان ئىش بوپتۇ، ئەڭ ياخشىسى، بۇ يەرگە ئېلىپ كەلمىگەن بولساڭ بوپتىكەن. خەير، ئەمدى ئۇسسۇلۇق بېرەي، — دەپ تازنىڭ ئايالى ئىككى چىنىگە ئۇسسۇلۇق تەييارلاپ بېرىپتۇ. تاز ئۇسسۇلۇقنى پادىشاھ بىلەن ۋەزىرگە ئاچىقىپ بەرگەنىكەن، ئۇلارنىڭ تەشنالىقى قانغان بولسىمۇ، ئۇسسۇلۇقنىڭ لەززەتلىكلىكىدىن يەنە ئىچكۇسى كەپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئوردىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەر ئىككىلىسى ئابايا ئىچكەن ئۇسسۇلۇقنىڭ لەززىتى توغرىسىدا سۆزلىشىپ ھەيران بولغان ھالدا:

— ئۇسسۇلۇقنى شۇنداق تەييارلىغىنىدىن قارىغاندا، ئۇسسۇلۇق تەييارلىغۇچى ئوردا كېنىزەكلىكىگە لايىق ئايال بولسا كېرەك، قانداق بولسۇن، ئۇنى كۆرۈشۈم كېرەك، — دەپتۇ پادىشاھ لېۋىنى تامشىپ.

— ئۇنىڭ ئامالىنى مەن قىلاي، — دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ قوشۇلۇپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر تازنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— سەن بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىڭغا بىرنەچچە ئاي بولدى، شۇنىڭدىن بۇيان سېنىڭ ھالىڭدىن خەۋەر ئالمىدۇق. پادىشا-ھىمئالەم ئەتە سېنىڭ ئۆيۈڭگە بېرىپ ئەھۋال سورىماقچى. سەن ئۆيۈڭگە بېرىپ پادىشاھنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قوي، پۇلۇڭ بولمىسا مانا پۇل، — دەپ تازنىڭ قولىغا نۇر-غۇن پۇل بېرىپ يولغا سالىپتۇ. تاز خۇشال ھالدا ئۆيگە بېرىپ ئەھۋالنى ئايالىغا دېگەنىكەن، ئايالى:

— يامان بوپتۇ. ئۆتكەندە بۇ يەرگە ئېلىپ كەلمىگىنىڭ ياخشى ئىدى، ئەمدى ئامال يوق. ئۇلارنىڭ قەستى ئەھۋال سوراشتا ئەمەس، مەندە، — دەپ پادىشاھنى كۈتۈۋېلىشقا تەي-يارلىق كۆرۈپتۇ.

ئۇلارنىڭ كۈنگەيگە قارايدىغان ئىككى ئېغىز ئۆيى، تەس-كەيگە قارايدىغان چايخانىسى بار ئىكەن. تازنىڭ ئايالى ئادەتتە چايخانىدا تاماق ئېتىدىكەن. بۇ كۈنى چايخانا ئالدىغا كۆشۈگە تارتىپتۇ. مېھمانلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ياش بىر ئايال-نى ياللىۋاپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ كەپتۇ. ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ئۇلار كەمبەغەل بولسىمۇ ئۆي ئىچى ناھايىتى ئېدىتلىق ھەم يېقىملىق كۆرۈنىدىكەن، چايخانىغا قارىسا، كۆشۈگە ئارقىسىدا ئىككى ئايال خىزمەت قىلىۋاتقان. ئۇلارنىڭ پەقەت پۇتىلا كۆ-رۈنىدىكەنۇ، ئۆزى كۆرۈنمەيدىكەن. پادىشاھنىڭ ئالدىغا يەتتە-سەككىز تۈرلۈك تاماق ۋە قورۇمىلار كەلتۈرۈلۈپتۇ. تاماقنىڭ لەززەتلىكلىكىدىن پادىشاھمۇ، ۋەزىرمۇ تويغىنىنى بىلمەي يە-ۋېرىپتۇ. كەچ بولغاندىلا ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىپتۇ. پادىشاھ ئۆيگە كېلىپ تاماق ئەتكەن ئايالنى كۆرەلمىگىنىگە ھەسرەت چېكىپ ۋەزىرگە دېگەندىن كېيىن، ۋەزىر:

— ئەتە سىلى يالغاندىن ئاغرىپ يېتىۋالسىلا، قالغان ئا-

مالنى مەن قىلاي، — دەپتۇ. پادىشاھ «بولىدۇ» دەپ، ئەتىسى ئاغرىپ قالغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ. تاز ئىشقا كەلگەندە، ۋەزىر:

— چاپسان بول، كىرىپ پادىشاھنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئال، — دەپتۇ. تاز پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرسە، پادىشاھ: «ۋايجان، ۋاي ئاللا» دەپ ياتقۇدەك، تاز نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، پادىشاھ:

— تۈنۈگۈن سېنىڭ ئۆيۈڭدە يېگەن قورۇما ـ تاماقلار ماڭا ئىسسىق كېلىپ ئاغرىتىپ قويدى، ئەمدى ماڭا سوغۇق ـ لۇق دورا تېپىپ بەر ! — دەپتۇ.

— قانداق سوغۇقلۇق دورا تېپىپ بېرىمەن؟ — دەپ سورىغانىكەن، پادىشاھ:

— توخۇ سۈتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تاز بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشى قېتىپ، ئۆيگە بېرىپ بولغان ئەھۋالنى ئايالىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— پادىشاھ ئىككىمىزگە قەست قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا ئامال يوق. سەن يول ئۇزۇقىغا بۇ ناننى ئېلىپ كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ماڭ، خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن تاغقا يېتىپ بارىسەن، تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر بۇلاققا بارىسەن، شۇ بۇلاقنىڭ يېنىدا ئۇخلا، ھەممە ئىش چۈشۈڭدە ئايان بولىدۇ، ئويغانغاندىن كېيىن، چۈشۈڭدە كۆرگەنلىرىڭ بويىچە ئىش قىل، — دەپتۇ ئايالى.

تاز ئايالىنىڭ دېگىنى بويىچە يولغا چىقىپ مېڭىپتۇ. كۈن ئولتۇرار مەزگىلدە ئۇ ئايالى ئېيتقان بۇلاققا يېتىپ بېرىپ ناننى بۇلاق سۈيىگە چىلاپ يەپتۇ ـ دە، بۇلاق بېشىدا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. دېگەندەك، ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر بوۋاي: «ھەي بالام، بۇ يەردە نېمىگە ياتىسەن؟ تۇر ئور ـ نۇڭدىن !» دەپتۇ. تاز ئورنىدىن تۇرۇپ: «توخۇ سۈتى ئىزدەپ

كەلگەنىدىم» دېگەنىكەن، بوۋاي: «ئۇنداق بولسا، سەن مۇشۇ يول بىلەن ماڭساڭ، ئورمانلىق بار، ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر گۈللۈك بار، گۈللۈكنىڭ يېنىدا كۆل بار، كۆل بويىدا چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن بىر مېكىيان بار. ئۇنىڭ چۈجىلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر پۈتى توكۇر بىر چۈجە بار، سەن بېرىپ ئاشۇ توكۇر چۈجىنى تۇتۇۋال، شۇ چاغدا چۈجە ئادەمدەك سۆز قىلىپ، سېنىڭ نېمە ھاجىتىڭ بار؟ دەپ سورايدۇ. سەن، سېنىڭ ئاناڭنىڭ سۈتى دورا بولۇپ قالغانىدى، دېسەڭ، سېنىڭ ھاجىتىڭدىن ئاشۇ چۈجە چىقالايدۇ» دەپتۇ ــ دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. تاز ئويغىنىپ قارىسا، بايىقى ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى چۈشىدە كۆرگەنلىرى ئىكەن. تاز «خۇدا» دەپتۇ ــ دە، بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئورمانلىققا كىرىپ گۈللۈكنى تېپىپتۇ. گۈللۈكنىڭ يېنىدىكى كۆل بويىدا چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن مېكىياننى كۆرۈپتۇ. قارىسا، راستىنلا ئۇنىڭ بىر چۈجىسى توكۇر ئىكەن. تاز بېرىپلا توكۇر چۈجىنى تۇتۇۋالغانىكەن، چۈجە ئادەمدەك سۆزلەپ:

— ئەي ئادەم بالىسى، مېنى نېمىشقا تۇتۇۋالىسەن؟ نېمە ھاجىتىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ماڭا سېنىڭ ئاناڭنىڭ سۈتى لازىم بولۇپ قالدى. ئەگەر مەن توخۇ سۈتى ئېلىپ بارالمىسام، پادىشاھ مېنى ئۆلتۈرىدۇ، شۇڭا مەن پادىشاھقا دورا قىلىش ئۈچۈن سېنىڭ ئاناڭنىڭ سۈتىدىن ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم، — دەپتۇ تاز. چۈجە تازنىڭ قولىدىن چىقىپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تازنىڭ گېپىنى دېگەنىكەن، مېكىيان تازغا:

— بولىدۇ، مەن سۈتۈمنى ساڭا بېرەي، بىراق سەن بۇ يەردە مېنى سېغىپ ئېلىپ بارساڭ، پادىشاھ يەنىلا ساڭا ئىد-

شەنمەيدۇ، بەربىر سېنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى پا-
دىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىن، شۇ چاغدا بالام كېلىپ مېنى
ئېمىدۇ، ئاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىدا مېنى سېغىۋېلىپ بەر-
سەڭ پادىشاھ ئىشىنىدۇ، — دەپتۇ. تاز «ماقۇل» دەپ مېكىيان-
نى مىنىپ، چۈجىنى قولىغا ئېلىپ شەھەرگە قاراپ ئۇچۇپتۇ.
بىر چاغدا ئۇلار شەھەر سىرتىغا چۈشۈپتۇ. تاز مېكىياننى
قولتۇقىغا قىسىپ ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىر-
گەندىن كېيىن، پادىشاھ:

— توخۇ سۈتى تېپىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، تاز:

— تېپىپ كەلدىم، — دەپ مېكىياننى پادىشاھنىڭ ئال-
دىغا قويۇپ، چۈجىنى قويۇپ بەرگەنىكەن، چۈجە ئانىسىنى
ئېمىپتۇ. ئارقىدىن تاز مېكىياننى سېغىپتۇ. پادىشاھ سۈتنى
ئىچىپ ئارام تېپىپتۇ. تاز مېكىياننى ئېلىپ شەھەر سىرتىغا
چىققاندا، مېكىيان بىلەن چۈجىنى قويۇپ بېرىپ ئۆيىگە كې-
تىپتۇ. ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن بولغان ئەھۋالنى ئايالىغا
ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئايالىمۇ ئۇنىڭ ئىشلارنى ياخشى ئورۇندىغان-
لىقىدىن رازى بوپتۇ.

ئەتىسى تاز ئوردىغا بارغاندا، ۋەزىر ئۇنى يەنە چاقىرىپتۇ.
تاز ۋەزىرنىڭ ئالدىغا بارغانىكەن، ۋەزىر:

— تۈنۈگۈن سەن ئەكېلىپ بەرگەن توخۇ سۈتىنى ئىچىپ
بۈگۈن پادىشاھنىڭ ئەڭگىزى ئېشىپ كېتىپتۇ، سۈت بەك
سوغۇق كەپتۇ. سەن كىرىپ پادىشاھنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ
چىق! — دەپتۇ. تاز، بۇ نېمە بالادۇ؟ دەپ پادىشاھنىڭ ئالدى-
غا كىرسە، پادىشاھ ھازىرلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك ھا-
لەتتە «ئاللا - تۇۋا» دەپ ۋارقىراپ ياتقۇدەك، تاز ئەھۋال سو-
رىسا، پادىشاھ:

— تۈنۈگۈنكى توخۇ سۈتى مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى، ماڭا ئەمدى يولۋاس سۈتى تېپىپ ئەكېلىپ بەرگىن، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ. تاز بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەم بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. تازنىڭ غەمكىن ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئايالى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، تاز پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئايال بۇنى ئاڭلاپ:

— پادىشاھقا توخۇ سۈتىمۇ، يولۋاسنىڭ سۈتىمۇ دورا ئەمەس، بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭ تاپقان بالا، شۇنداقتىمۇ بۇ بالادىن قۇتۇلماي بولمايدۇ، — دېگىنىچە بىر توقاچ بېرىپتۇ، ئاندىن، — بۇ توقاچنى ئېلىپ يەنە ھېلىقى بۇلاق بېشىغا بېرىپ ئۇخلا، خۇدا يولۇڭنى ئوڭ قىلسا، ھېلىقى بوۋاي چۈشۈڭدە ئايان بولىدۇ، — دەپ تازنى يولغا ساپتۇ.

تاز كەچ كىرگۈچە يول مېڭىپ، يەنە ھېلىقى بۇلاققا بېرىپ، ئايالى بەرگەن توقاچنى بۇلاق سۈيىگە چىلاپ يەپ ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈشىدە ھېلىقى بوۋاي ئايان بولۇپ: «بۇ يەردە نېمىگە ياتىسەن؟» دەپ سورىغانىكەن، تاز يولۋاس سۈتى ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بوۋاي: «ئۇنداق بولسا، سەن ئالدىنقى قېتىم بارغان ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر جاڭگال ئۇچرايدۇ. جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر يول بار. سەن شۇ يولدىن چىقماي مېڭىۋەرسەڭ، يولۋاس كۈچۈكىنىڭ چىرقىراۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلايسەن، شۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭساڭ، يولۋاسنىڭ بىر ئاغرىق كۈچۈكىنى تاپىسەن. سەن بېرىپ شۇنى تۇتۇۋالساڭ، مەقسىتىڭ تولۇق بەجا بولىدۇ» دەپتۇ - دە، غايىب بوپتۇ. تاز ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، چۈشى ئىكەن. تاز چۈشىدە ئېيتىلغىنىچە مېڭىپتۇ. ئەتىسى چۈشكە يېقىن يولۋاس بالىسىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېرىپ قارىسا، راستتىنلا ماڭال-

مايدىغان ھالەتتىكى يولۋاس كۈچۈكى ئىكەن. تاز يېرىپ ئۇنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، يولۋاس كۈچۈكى تېخىمۇ چىرقىراپ كېتىپتۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئانا يولۋاس شۇ ھامان يېتىپ كېلىپ قارىسا، بالىسى ئادەمزاتنىڭ قولىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— ئەي ئادەمزات، بالامنى نېمىشقا تۇتۇۋالدىڭ؟ ماڭا قانداق تەلىپىڭ بار؟ ئېيت! مەن ئورۇنداپ بېرىمەن، — دەپتۇ. تاز پادىشاھقا توخۇ سۈتى ئاپىرىپ بەرگەن جەريانىنى ۋە ئەمدى يولۋاس سۈتى ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، ئەگەر يولۋاس سۈتى ئېلىپ بارالمىسا، ئۆزىنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

يولۋاس تازنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بىر پەس تۇرۇپ كېتىپتۇ:

— بولىدۇ. مەن سۈتۈمنى بېرەي، بىراق بۇ يەردە سېغىپ ئېلىپ بارساڭ، پادىشاھ ئىشەنمەي يەنىلا سېنى ئۆلتۈرىدۇ، شۇڭا بالامنىمۇ، مېنىمۇ ئېلىپ بارغىن. شەھەرگە كىرىپ ئوردا ئالدىغا بارغاندا، مەن دەرۋازىدىن كىرگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالىمەن. بۇ چاغدا سەن مېنى ئۇرغىن، بالامنى-



مۇ يەرگە ئېتىپ ئۇر. مۇشۇنداق قىلغاندا مەن دەرۋازىدىن كىر-
رىمەن. ئوردىغا كىرىش ئىشىكىگە بارغاندا، يەنە كىرگىلى ئۇ-
نىماي تۇرۇۋالىمەن. بۇ چاغدىمۇ مېنى ئاياپ ئولتۇرماي كال-
تەك بىلەن ئۇر، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەردىكى كارامەتنى كۆ-
رىسەن، — دەپتۇ. تاز: «ماقۇل» دەپتۇ - دە، يولۋاسقا مى-
نىپ، كۈچۈكنى ئالدىغا ئېلىپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ.
شەھەرگە كىرىپ، يولۋاس دەرۋازا ئالدىدا كىرگىلى ئۇنىمى-
غاندىن كېيىن، تاز يولۋاسنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنى ئۇرۇپ
كىرگۈزۈپتۇ. ئوردا ئىشىكى ئالدىدىمۇ شۇنداق قىلغاندىكىن،
تاز كالتەك بىلەن ئۇرغانىكەن، يولۋاس قاتتىق ھۆركىرىگى-
نىچە ئېتىلىپ ئوردىغا كىرگەندە، پادىشاھ قورقۇپ كېتىپ
ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆز ئالدىدا تاز
يولۋاسنى سېغىۋېلىپ، ئۇنى بالىسى بىلەن شەھەر سىرتىغا
ئاچىقىپ قويۇپ ئۆيىگە كېتىپتۇ.

— توخۇ سۈتى دېسەك ئۇنى تېپىپ كەلدى، يولۋاس سۈ-
تى دېسەك بۇنىمۇ تېپىپ كەلدى. ئەمدى بۇ تازنى قانداق قى-
لىپ كۆزدىن يوقىتىمىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ ۋەزىرگە. ۋەزىر:

— ئەمدى بىر ئامال بار، شۇ ئامالنى ئىشلىتىپ بۇ تاز-
نى كۆزدىن يوقاتمىساق، باشقا ئامال قالمىدى، — دەپ، ئوي-
لىغان ئامالىنى پادىشاھقا ئېيتىپ بېرىپتىكەن، بۇ ئامال پا-
دىشاھقا ماقۇل كەپتۇ - دە، شۇ كۈنىلا شەھەر خەلقىگە پەرمان
چىقىرىپ ياغاچ توشۇتۇپتۇ. پۈتكۈل شەھەر خەلقى ئالتە ئاي
مابەينىدە ياغاچ توشۇپتۇ. شەھەردىكى بارلىق ياغاچچى ئۇس-
تىلار بۇ ياغاچلارنى ئىشلىتىپ، نەچچە يۈز گەز ئېگىزلىكتە
بىر راۋاق ياساپتۇ. راۋاق پۈتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاستىغا
ئوتۇن دۆۋىلەپ تەييار قىلىنىپتۇ، بۇ چاغدا ۋەزىر تازنى
چاقىرتىپ:

— پادىشاھ ياساتقان راۋاق پۈتتى، ئۆگۈنلۈككە پادىشاھىئا-
لەم راۋاققا چىقىپ سەيلە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئەتە
راۋاققا چىقىپ، راۋاقنىڭ پۇختا بولغان - بولمىغانلىقىنى كۆ-
رۈپ چۈش، — دەپ بۇيرۇپتۇ. تاز «ماقۇل» دەپ ئۆيىگە قاي-
تىپتۇ. ئۆيىگە بېرىپ ئايالىغا:
— ئۆگۈنلۈككە پادىشاھ راۋاققا چىقىپ پۇقرالارغا ۋەز -
نەسىھەت سۆزلەيدىكەن، شۇڭا ۋەزىر مېنى ئەتە راۋاققا چى-
قىپ، راۋاقنىڭ پۇختا بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ
چۈشۈشكە بۇيرۇدى، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايالى:
— پادىشاھ سېنى ئەمدى ئۆلتۈرىدىكەن. ئەتە سەن
راۋاققا چىققاندا، ئۇلار راۋاق ئاستىدىن ئوت قويۇۋېتىدۇ. سەن
قويۇق ئىسنىڭ ئىچىدە قالغاندا، سېنىڭ ئالدىڭغا بىر كۆك
كەپتەر پەيدا بولىدۇ. سەن: «يا خۇدانىڭ ئەمرى، پىرنىڭ ئەم-
رى» دەپلا كەپتەرنىڭ بوينىغا ئېسىل - دە، كۆزۈڭنى يۇم،
تاكى يەرگە چۈشكەنگە قەدەر كۆزۈڭنى ئاچما، پەقەتلا قورقما،
قورقۇپ قالساڭلا خەتەر چىقىدۇ. قالغان ئىشلارنى شۇنىڭدىن
كېيىن كۆرىمىز، — دەپتۇ. بۇ چاغدا تازنىڭ ئايالى يەڭگىدە-
نىگە ئىككى - ئۈچ ئاي بولۇپ قالغان مەزگىل ئىكەن. تاز
ئايالىنىڭ گېپىگە «ماقۇل» دەپ يېتىپ قاپتۇ. ئەتىسى تاز ئور-



دېگەن ئىدى، پادىشاھ ئۇنى:

— سەن بېرىپ راۋاقنى تەكشۈرۈپ كەل، سېنىڭ ماقۇللۇقۇڭدىن ئۆتسە، ئەتە مەن چىقىپ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىمەن، — دەپ بۇيرۇپتۇ. تاز «بولىدۇ» دەپ بېرىپ راۋاقنى چىقىشىغا، پادىشاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان كىشىلىرى دۆۋىلەكلىك ئوتۇنغا ياغ چېچىپ ئوت قويۇۋېتىپتۇ ـ دە:

— قايتىپ چۈش، راۋاققا ئوت كەتتى! — دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا تازنىڭ قايتىپ چۈشۈشىگە ئىمكان قالماپتۇ، راۋاقنى بولسا ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا تازنىڭ كۆز ئالدىدا بىر كۆك كەپتەر پەيدا بولۇپ: «مېنىڭ بوينۇمغا ئېسىل» دېگەنىكەن، تاز: «يا خۇدانىڭ ئەمرى، پىرىنىڭ ئەمرى» دەپلا كەپتەرنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ كۆزىنى يۇمۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى پادىشاھنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھېچقايسىسى كۆرمەپتۇ. شەھەر خەلقىمۇ بۇ يەرگە توپلىنىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى بولسا: «يامان بولدى، بىچارە تاز كۆيۈپ تۈگەيدىغان بولدى، ئامال قىلىپ قۇتقۇزۇۋالايلى» دەپ چۇقان كۆتۈرۈۋېرىپتۇ. راۋاق شۇ كۆيگىنىچە ئون كۈن كۆيۈپتۇ، يىقىلىپتۇ، يىقىلغاندىن كېيىنمۇ ئۈچ كۈن كۆيۈپ ئۆچۈپتۇ. ئوت تولۇق ئۆچۈپ بولغاندىن كېيىن، شەھەر خەلقى: «تازنىڭ جەسىتىنى بولسىمۇ تاپايلى» دەپ كۈلىنى ئاختۇرۇپتۇ.

ئۇلار كۈلنى ئاختۇرۇپ تۇرسۇن، بىز ئەمدى كەپتەر بىلەن تازغا كېلەيلى:

كەپتەر تازنى كۆتۈرۈپ ئۇچقانچە تازنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، يەرگە قونۇپلا بىر پەرى قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئۆيدىن تازنىڭ ئايالى چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىپ، پەرى قىز بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. تاز بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ

ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قېلىپ، ئايالىدىن:

— نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ مەن ھېچ نەرسىنى بىلمەيلا قالدىم، — دەپتۇ. ئايالى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ھەممە ئەھۋالنى تازىغا چۈشەندۈرۈپتۇ. ئەسلىدە تازىنىڭ ئايالىمۇ پەرى ئىكەن. ئۇ تۇغۇلغاندا ئانىسى ئۇنى مەسچىتكە تاشلاپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار دائىم كۆرۈشۈپ، ئالاقىلىشىپ تۇرىدىكەن. پادىشاھ تازىغا تۇخۇ سۈتى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇغىنىدا، تاز ئايالىنىڭ سۆزى بويىچە بېرىپ چۈش كۆرگەندە، چۈشىدە ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچىمۇ ئايالى ئىكەن. چۈجە بىلەن يولۋاسنىڭ ئاغرىق كۈچۈكى تازىنىڭ ئايالىنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، بۇ سىڭلىسى دەل ھازىرقى كەپتەر بولۇپ، تازنى ئوتتىن قۇتقۇزغان پەرى قىزنىڭ ئۆزى ئىكەن. چۈجە ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن مېكىيان بىلەن سۈتنى بەرگەن يولۋاس بۇ ئىككى پەرى قىزنىڭ ئانىسى ئىكەن. ئوت ئۆچكەندىن كېيىن، پەرى قىزلار بىر ئامال تېپىپ پادىشاھنى يوقىتىش نىيىتىگە كەپتۇ. بۇ پادىشاھنىڭ دادىسىمۇ پادىشاھ بولۇپ، ئۇ تالاي يىللار بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. قىزلار مەسلىھەتلىشىپ، پادىشاھنىڭ ئاشۇ ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىنىڭ نامىدا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ. خەتكە مۇنداق سۆزلەرنى پۈتۈپتۇ:

«ئەزىز ئوغلۇم، بىز ئايرىلىپ كەتكىنىمىزگە ئۇزۇن بولدى. سېنىڭ ئىشلىرىڭدىن تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. مەن باقىي دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان بايلىقىم، زېمىن - پۇقرالىرىم ھەددى - ھېسابسىز كۆپ بولۇپ كەتتى، پانىي دۇنيادا كۆرگەن راھەتلىرىمگە قارىغاندا باقىي دۇنيادا كۆرگەن راھىتىم يۈز ھەسسە ئارتۇق بولۇۋاتىدۇ. بۇ راھەت - پاراغەتنى تەڭ كۆرۈش ئۈچۈن سېنى باقىي دۇنياغا تەكلىپ قىلدىم. سەن بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالىرىڭ بىلەن مېنىڭ يېنىمغا كەل.

www.uyghurkitap.com

قانداق كېلىشىنىڭ يولىنى مۇشۇ خەتنى ئېلىپ بارغان كىشى-دىن ئېيتىپ بەردىم، خەتنى ئالغاندىن كېيىن تەخىرسىز يې-تىپ كەلگەيسەن». قىزلار خەتنىڭ ئاخىرىغا ئاشۇ پادىشاھنىڭ مۆھرىنى بېسىپ، خەتنى تازنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ.

— مانا ئەمدى سەن خەتنى قوينۇڭغا سېلىپ، بۈگۈن كېچىدە كۆلنىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىۋالىسەن. ئەتە ئۇلار ئىزدەپ كەلگەندە، سەن كۆلنىڭ ئىچىدىن چىقىپ خەتنى بې-رىسەن، — دەپ ئايالى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپتۇ. تاز ئايالىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە شۇ كېچىسى بېرىپ كۆلنىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. ئەتىسى كېلىپ كىشىلەر كۆلنى يەنە ئاختۇرۇپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىرمۇ تازغا ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە بۇ مەيدانغا كېلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا كىشىلەر كۆلگە مىلەنگەن تازنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ قارىغۇدەك بولسا، تاز ساق - سالامەت تۇرغۇدەك، تې-خى ئۇ ئېگىلىپ پادىشاھقا تەزىم قىلىپ:

— جانابلىرىغا خۇش خەۋەر، — دەپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— نېمە خۇش خەۋەر؟ — دېگەنىكەن، تاز قوينىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بۇ خەتتە دادىسىنىڭ مۆھرى تۇرغۇدەك. پا-دىشاھ شۇ زامات تازنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، باقىي دۇنيا-غا بېرىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ قانداق يول كۆرسەتكەنلىكىنى سورىغانىكەن، تاز:

— خۇددى مەن چىققاندىكىدەك ئېگىزلىككە راۋاق ياساپ ئاستىدىن ئوت ياققاندا، ئاشۇ ئوتنىڭ تۈتۈنى كۆتۈرۈپ دادى-لىرىنىڭ يېنىغا ئاچىقىدىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— سەن دادامنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ

سوراپتۇ پادىشاھ.

— قۇللىرىنىڭ يالغان سۆزلەشكە نىمە ھەددى، پادىشا-ھىئالەم، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۇم، سۆھبەتتە بولغۇم. دادى-لىرىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش تەمبەل، ساقاللىق ئادەملەرنى، خۇددى پەرىشتىنىڭ ئۆزى. مەنمۇ ئۆزلىرى بىلەن باقىيغا سە-پەر قىلسام دەيمەن، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ تاز.

پادىشاھ ئەتىسىدىن باشلاپ شەھەر خەلقىگە يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ ياغاچ يىغدۇرۇپ، راۋاق سېلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ-نىڭ سېلىقىنىڭ كۆپلۈكىدىن شەھەر خەلقى زار - زار قاق-شىغان بولسىمۇ، پەرماننى ئورۇندىماي ئىلاج بولماپتۇ. كا-سىپلارمۇ پادىشاھنىڭ زۇلمى ئاستىدا كېچە - كۈندۈز ئىشلە-لەپ، راۋاقنى ئالدىنقىسىدىن ئېگىز قىلىپ، بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتتۈرۈپ بوپتۇ. پادىشاھ دادىسىنىڭ ئالدى-غا چاپسانراق بېرىش ئۈچۈن ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى، خوتۇن - باللىرىنى ھەم قوۋم - قېرىنداشلىرىنى ئېلىپ راۋاققا ماڭ-غاندا، تاز:

— پادىشاھىئالەم، مېنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن ئالغاچ كەتسى-لە، — دەپ ئۆتۈنگەنىكەن، پادىشاھ كۆڭلىدە، بۇ سەت تازنى قانداقمۇ دادامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىلى بولسۇن، دەپ ئويلاپ:

— بۈگۈن مېنى سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇپ يولغا سېلىپ قويۇپ، ئارقامدىن بارساڭمۇ بولىدۇ، — دەپلا ئادەملىرىنى باشلاپ راۋاققا چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ھەممە ئادەملىرى راۋاققا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، تاز تەي-يارلاپ قويغان ماينى ئوتۇنغا چاچقۇزۇپ، ئۆز قولى بىلەن ئوتنى تۇتاشتۇرۇپتۇ. خەلققە ھەددىدىن ئارتۇق زۇلۇم سالغان پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى دوزاخقا مۇشۇ دۇنيادىلا

چۈشۈپ، ئوتتا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپتۇ. پادىشاھنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، تاز ئۆيىگە قايتىپ بېرىپتۇ. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، ئايالى قولۇم - قوشنىلىرىنى چاقىرىپ كىرىپ ھېلىقى سىڭلىسىنى تازغا كىچىك خوتۇنلۇققا نىكاھلىتىپ قويۇپتۇ. قولۇم - قوشنىلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، تاز ئوتتۇرىدا، ئىككى خوتۇنى ئىككى تەرەپتە ئولتۇرۇپتۇ. تاز بالىسىنى قولىغا ئېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇ كۈلكىنى ئاڭلاپ تازنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— مەن ساڭا ئۆزۈم خوتۇن بولغاننى ئاز دەپ سىڭلىمنىمۇ نىكاھلىتىپ بەرسەم، ئەمدى بىزنى مازاق قىلىپ كۈلگۈدەك بولۇپ قالدىڭمۇ؟ — دەپلا تازنىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ. تاز خوتۇنىنىڭ قولىدىن يالۋۇرۇپ قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئوك تىزىدا كۈن، سول تىزىدا ئاي، ئوتتۇرىسىدا يۇلتۇز تۇرغان ھالەتتە چۈش كۆرۈپ، بۇ چۈشنى دادىسىغا دېمىگەنلىكىنى، بۇگۈن بولسا ئاشۇ چاغدىكى چۈشىنىڭ ئۇختاسىغا كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. تازنىڭ شۇ چۈشىنىڭ ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا پەرى قىزلارمۇ قايىل بوپتۇ.

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، شەھەر خەلقى بۇ شەھەرگە پادىشاھ سايلىماقچى بوپتۇ. خەلق بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى دەپ، ئەڭ ئاخىردا: «بىزنى زالىم پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزغان كىشى بىزگە پادىشاھ بولۇشقا لايىق» دەپ، تازنى پادىشاھ قىلماقچى بولۇپ چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپتۇ. تاز خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە تەختكە چىقىپ پادىشاھ بوپتۇ، ئاياللىرى خانىش بوپتۇ. تاز پادىشاھ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراشقا ئەھدە قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# موزدوز بىلەن شاگىرت

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بولغانىكەن، بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. ئايالى ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بوۋاي قېرىپتۇ، ئىشلەپ ھېرىپتۇ.

بىر كۈنى بوۋاي يالغۇز ئولتۇرۇپ، كۆڭلىنى خىيالغا تولدۇرۇپ، مېنىڭ بېشىم ئاقاردى، چىشىم سارغايدى، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى، ياخشى كۈنىڭ يامىنى بولۇپ، بالىلىرىم مەندىن ئايرىلىپ قالسا، كىشىنىڭ قولىغا قاراپ قالمىسۇن، ئۆز ئەمگىكى بىلەن كۈن كەچۈرسۇن، دېگەن ئويغا كەپتۇ ــ دە، بالىلىرىنى ھۈنەرگە بېرىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

بوۋاينىڭ ئۆيىگە يېقىن بىر مەھەللىدە بىر باي بار ئىكەن. ئۇنىڭ چوڭ بىر بېغى بولۇپ، باغدا ئۈزۈم، ئالما، ئۆرۈك، ئانار ۋە باشقا ھەر خىل مېۋىلەر يازدىن تارتىپ كۈزگىچە پىشىپ، ساپىقىدىن ئايرىلىپ يەرگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. باي ئەتىيازدا ئۈزۈم تاللىرى يوپۇرماق چىقارغاندىن باشلاپ تاكى كۈزگىچە باراڭدا سايداپ، سېمىزلىكتىن ھاسىراپ ياتىدىكەن. باي يالغاندىن: «مەن موزدوز» دەپ ھەر يىلى بىر نەچچە شاگىرت ئالىدىكەن ــ دە، بىر ئامالىلاپ ئۆلتۈرۈپ، ئىز ــ دېرىكىنى بىلدۈرمەي، ئۈزۈم تال تۈۋىگە كۆمىدىكەن.

ھېلىقى بىچارە بوۋاي بىر كۈنى چوڭ ئوغلىنى باينىڭ ئالدىغا يېتىلەپ بېرىپ:

— ۋاي ئۇستام، مۇشۇ بالامنى بىر ھۈنەرلىك قىلىپ قويسىلا، — دەپ تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

بوۋاينىڭ ئوغلى بۇ ھويلىدا موزدۇزلۇقنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمەي، باينىڭ سۈيىنى ئەكىرىپ، ئوتۇننى يېرىپ، ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ بىرنەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىر كۈنى باي بالىنى چاقىرىپ:

— مەن بازارغا بېرىپ كەلگۈچە قۇمدىن يىپ ئېشىپ، لايدىن چەم كېسىپ، غەلۋىردە سۇ ئەكىرىپ قوي، — دەپتۇ.

كەچكىچە بالىنىڭ بېشى قېتىپ، بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى تاپالماي تازا قىينىلىپتۇ. ئاخشىمى باي كېلىپ سوراپتىكەن، بالا يەرگە قاراپ، تىرناقلىرىنى تاتىلاپ تۇرۇپتۇ.

— قىلالمىغان بولساڭ، شۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن ئاۋۇ يەردىن بىر ئورا كولا، — دەپ ئۈزۈم تالىنىڭ تۈۋىنى كۆرسىتىپتۇ باي.

جىق ئىش كۆرمىگەن ساددا بالا يوغان كەتمەننى ئاپتۇ ـ دە، بېرىپ ئورىنى كولاپتۇ. ئورا ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ بولغاندا، باي كەينىدىن كېلىپ كەتمەننىڭ چۈلدىسى بىلەن بالىنى بىرنى قويۇپتۇ ـ دە، جېنىدىن جۇدا قىلىپ، ئورىغا كۆمۈۋېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بوۋاي ئوغلىنى سېغىنىپ كۆرگىلى بارسا، قانخور باي:

— بالىڭىزغا ھۈنەر ئۆگىتىپ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ يولغا سالدىم. ئۆيگە بارمىغان بولسا، بەلكىم شەھەر كۆرۈپ، پۇل تېپىپ باراي دەپ يۈرىدىغاندۇ، — دەپتۇ.

بوۋاي قايتىپ كېتىپ، ئوتتۇرانچى ئوغلىنى ئاپىرىپ بەرگەنىكەن، باي ئۇنىمۇ ھېلىقى ئۇسۇل بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋې-تىپتۇ. بوۋاي ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

بوۋاينىڭ كەنجى ئوغلى ئاكىلىرىغا قارىغاندا قاۋۇل، زې-رەك، باتۇر بالا ئىكەن، تەڭدىمەتلىكلىرى ئارىسىدا «كەنجى با-تۇر» دەپ نام چىقارغانىكەن، شۇنىڭدەك ئۇ ناخشا ـ سازغا، ھېكايە ـ چۆچەككە ناھايىتى ئۇستا ئىكەن. بىر كۈنى بوۋاي بۇ بالىسىنىمۇ «ھۈنەر» ئۆگىنىشكە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئادەم قېنى بىلەن سەمرىگەن ھېلىقى باينىڭ تولۇن ئايدەك ھۆسنىد-گە تولغان، ئۆزى ئەقىللىق، مىجەزى يېقىملىق بىر قىزى بار ئىكەن، بوۋاينىڭ كەنجى ئوغلىغا بۇ قىزنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. يىگىتمۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئارىلىقتا پۇرسەت بولسا ئىككىسى ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىدىكەن، ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بى-رىدە، قىز يىگىتكە زالىم ئاتىسىنىڭ سىرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۈزۈم تالىنىڭ تۈۋىگە كۆمگەنلى-كىنى ئېيتىپ، ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. يىگىت ئىنتىقام ئېلىش قارارىغا كەپتۇ.


بىر كۈنى ھىيلىگەر باي يەنە ھېلىقى ئاكىلىرىغا بۇيرۇغان ئىشلارنى تاپىلاپ قويۇپ بازارغا كېتىپتۇ. قىز بىلەن يىگىت قانداق قىلىش توغرىسىدا پۈتۈشۈۋالغاندىن كېيىن، كەچكىچە باغ سەيلىسى قىپتۇ. ئاخشىمى باي كېلىپ، «شاگىرت»نى چا-قىرىپ:

— قېنى يىپ، قېنى چەم، قېنى سۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يى-گىتمۇ ھودۇقماي تۇرۇپ:

— ئۇستام، ئاۋۋال سىزنى مېھمان قىلىپ، ئاندىن بۇي-

ـرۇغان ئىشىڭىزنى ئالدىڭىزغا قويسام قانداق؟ — دەپتۇ.
قورسىقى ئېچىپ، ماغدۇرى كېتىپ، نەپسى تاقىلداپ، ئۇسـ-ـسۇزلۇقتىن چاكىلداپ كەتكەن باي:
— ماقۇل، — دەپتۇ.
— مانا قېتىق، يۇزىنى بۇزماي ئىچىسىز. مانا نان، پارـ-ـچىلىماي يەيسىز، — دەپ ئالدىغا قويۇپتۇ يىگىت.
باي ھەڭگاڭ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، چېقىر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:
— ناننى ئوشتۇماستىن يېگىلى، قېتىقنى يۇزىنى بۇزـ-ـماستىن ئىچكىلى بولامدىكەن؟ ! — دەپتىكەن، يىگىتمۇ:
— ئۇنداق بولسا، قانداق قىلىپ لايدا چەم كەسكىلى، قۇمدا يىپ ئەشكىلى، غەلۋىردە سۇ ئەكىرگىلى بولسۇن؟ ! — دەپتۇ.
سۆز تاپالماي زۇۋانى تۇتۇلغان باي قاپاقتەك ئىششىپ، ئۆلگەن ئېشەكنىڭ ئۆپكىسىدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ. بۇ مېـ-ـنىڭ بېشىمغا چىقىدىغان ئوخشايدۇ، بىر ئامال قىلىپ بۇنىمۇ ئۇجۇقتۇرمىسام بولمىدى، دەپ ئويلاپتۇ.
ئەتىسى يىگىتنى ئالدىغا چاقىرىپ:
— سەن بۈگۈن جاڭگالدىن بىر ئېشەك ئوتۇن ئەكەلـ-ـگىن، — دەپتۇ. يىگىتمۇ چاندۇرماستىن:
— خوپ، بولىدۇ، — دەپ ئۆيگە ئارغامچىغا كىرىپ كېـ-ـتىپتۇ. باينىڭ سېھىر - جادۇدىنمۇ خەۋىرى بار ئىكەن، شۇ ھامان ئېغىلغا كىرىپ ئېشەك سۈرىتىگە كىرىۋاپتۇ. باينىڭ قىزى بۇ ئەھۋالنىمۇ يىگىتكە مەلۇم قىلىپ:
— دادام سىزنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. مۇشۇ تۇرقىدا ئېشەك سۈرىتىگە كىرىۋالدى، نوختا ئۇنىڭ جان ھالـ-ـقىسى. سىز بېشىدىن نوختىنى ھەرگىز ئاجراتماڭ، شۇ چاغـ-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



بىلا ئۇ شۇم غەرىزد-
نى ئەمەلگە ئاشۇرال-
مايدۇ، سىڭگۈر بول-
لۇك، — دەپ ئەقىلان
ئۆگىتىپتۇ.

يىگىت قىزنىڭ
دېگەنلىرىنى قى-
لىپ، يوغان كال-
تەكنى كۆتۈرۈپ
ئېغىلغا كىرىپتۇ،
«ئېشەك» تېپىشكە
تەمشەلگەنىكەن،
باش - كۆزىگە راسا
قويۇپتۇ، نوختىنى
ساپتۇ، مىخلىق توقۇمنى توقۇپتۇ، جاڭگالغا بارغۇچە ئۈستىد-
دىن چۈشمەپتۇ، كەچكىچە سۇمۇ ئىچكۈزمەي، ئوت - چۆپمۇ
چىشلەتمەي، قۇرۇق ياغاچقا قاڭتۇرۇپ قويۇپتۇ، كەچقۇرۇن
ئوتۇنى راسا جىق ئارتىپ، تۆشىنى چىڭ تارتىپ، يەنە ئۈس-
تىگە مىنىۋاپتۇ، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئوتۇنى چۈشۈرۈپ،
ئېغىلغا بوشىنالمىغۇدەك قىلىپ تازا چىڭ باغلاپ قويۇپتۇ -
دە، ئۆزى دادىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ ۋە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە-
لەرنى دادىسىغا بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. بېشىنى نوختىدىن
چىقىرىۋېلىشقا ئامالسىز قالغان بەتنىيەت باي كالتەك - تا-
ياق، ئاچلىق دەستىدىن قۇرۇق ئوقۇرنىڭ تۈۋىدىلا ئۆلۈپ قاپ-
تۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەقىللىق قىز بىلەن باتۇر يىگىت
ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، خۇشال - خۇراملىققا تولۇپ، مۇراد -
مەقسەتلىرىگە يېتىپ، بەختلىك ياشاپتۇ.

# قانخور مەلىكە

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇن بىر شەھەردە بىر پادى- شاھ يۇرت سوراپ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ دۇنياسى كۆپ، خەزىنىسى لىق ئىكەن، خەلققە كۆيۈمچان، ساداقەتمەن ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ دۇنيالىقتا ئۇچ ئوغلى بار ئىكەن، چوڭ ئوغلى ئون سەككىز ياشقا تولغانىكەن. پادىشاھنىڭ توققۇزى تەل بو- لۇپ، كېيىنكى ئىشلاردىن غەم - ئەندىشىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شۇنداق بىر ئادىتى بار ئىكەن: پادىشاھ كۈندە ناماز بامداتتىن يېنىپ چىققۇچە ئات باقار ئاتنى ئېگەرلەپ تەييارلاپ قويىدىكەن. پادىشاھ ئاتنى مىنىپ، ھېچ نەرسىگە قارىماستىن شەھەر سىرتىغا چىقىپ شەرققە قاراپ كۈننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىكەن. كۈنچىقىشتىن كۈن چىققان ھامان كۈنپېتىش تەرىپىدىنمۇ يەنە بىر كۈن چىقىدىكەن. كۈنپېتىش تەرەپتىن چىققان كۈن چاي ۋاقتى بولغان ۋاقىتتا يوقىلىپ كېتىدىكەن. شۇ چاغدا پادىشاھ ئوردىسىغا قايتىپ كېلىدىكەن. بۇ پادىشاھ ئۇچۇن ناشتىدەك ئادەت بولۇپ قال- غاچقا، باشقىلار پادىشاھنىڭ نېمە ئۇچۇن شۇنداق قىلىدىغان- لىقىنى بىلمەيدىكەن. پادىشاھنىڭ بۇ ئادىتىگە چوڭ ئوغلىنىڭ ئىچى پۇشۇپ، زادى ئاتام ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى نېمە ئۇچۇن شەھەر سىرتىغا چىقىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ، بۇ سىرنى بىلمەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ھۆرمەتلىك ئاتا، سىز بىزنى ئوبدان بىلىسىز، بىز سىزنىڭ ۋارىسىڭىز، شۇڭا بىزدىن ھېچقانداق سىرنى يوشۇرماسلىقىڭىز كېرەك. مەن سىزدىن سورايدىغان بىر ئىش بار، سىز ماڭا راستىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، — دەپ ئۆتۈنۈپ سوراپتۇ. پادىشاھ:

— قېنى، سەن نېمىنى سورىماقچى، ئاۋۋال سورا، ئاندىن بىر گەپ بولار، — دەپتۇ. شاھزادە:

— ھۆرمەتلىك ئاتا، سىز ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئاتقا مىنىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىسىز، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز، — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ چۆچۈپ كېتىپ:

— ئوغلۇم، سەن بۇ ئىشنى سورىما، مەن ساڭا ئېيتماي، مەنمۇ بۇ ئىشنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلمىدىم ھەم يۇرتقا تىنمىدىم، بۇ سىرنىڭ تېگىگە يېتىشكە كۆزۈم يەتمەي قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن مېنىڭدىن بۇ ئىشنى سورىما، — دەپتۇ. شاھزادە ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ قاتتىق ـ يۇمشاق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ گېپىگە كىرگۈزەلمەي، ئىلاجسىز:

— ئوغلۇم، مەن ساڭا ئېيتاي، لېكىن كۆرگەن نەرسەڭ ھەققىدە مەندىن قايتا سورىما. سەن بۇ ئىشنى بىلمەكچى بولساڭ، ئەتە سەھەردە شەھەردىن چىقىپ كۈننىڭ چىقىشىغا قارىساڭ، ھەممە ئىش ئاشكارىلىنىدۇ، — دەپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە شاھزادە پادىشاھ مىنىدىغان ئاتنى مىنىپ شەھەردىن چىقىپ، كۈننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. كۈنچىقىشتىن كۈن چىققان ھامان كۈنپېتىش تەرەپتىنمۇ يەنە كۈن چىقىپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ

تۇرۇپلا قاپتۇ. چاي ۋاقتى بولۇشى بىلەن غەربتىن چىققان كۈننىڭ نۇرى ئاجىزلاپ يوقىلىپ كېتىپتۇ. چوڭ ئوغۇل بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي قايتىپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— سىرنى ئاشكارىلىغانىكەنسىز، ھەممىنى تەلتۆكۈس ئاشكارىلاڭ. مەن كۈنپېتىش تەرەپتە كۆرگەن كۈن زادى نېمە كۈن؟ بۇنى يوشۇرماي ئېيتىپ بەرسىڭىز، — دەپ ئۆتۈنۈپ سوراپتۇ. پادىشاھ خاپا بولغان ھالدا:

— ئوغلۇم، سەن نېمە دېگەنىڭ؟ بولغان ۋەقەنى سوردمايمەن دېگەن ئەمەسمۇ؟ بۇنى ساڭا ئېيتىشقا بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، لېكىن چوڭ ئوغلى ئۆز سۆزىدىن يانماي تۇرۇۋالغاچقا، پادىشاھ:

— ئوغلۇم، ھازىر مەن قېرىدىم، ئۆمرۈم قانچىلىك قالدى، بۇنى بىلمەيمەن. مېنىڭ يۇرتنى سېنىڭ باشقۇرۇشۇڭغا تاپشۇرۇش ئۈمىدىم بار، شۇڭا سەن بۇ ئىشنى سورىما، بۇ ئىش مەن بىلەن



بىرگە كەتسۇن، — دەپتۇ. شاھزادە گەپكە كىرمەي، ئۆز سۆ-زىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ ئوغلىغا بۇ سىرنى ئېيتىپ بەر-مىسە گەپكە كىرگۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ:

— ئۇنداق بولسا، مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي. بىزنىڭ يۇرتىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئۈچ ئايلىق يولدا بىر شەھەر بار، شۇ شەھەرنىڭ مەلىكىسى كۈن بىلەن نۇر تالىشىدىغان مەلىكە، كۈنپېتىشتا چىققان كۈن شۇ مەلىكىنىڭ نۇرى. مە-لىكە كۈندە جاھانغا نۇرىنى چېچىپ پۈتۈن خەلقىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۆزىگە ئاشىق بولۇپ ئەلچى ئەۋەتكەنلەرگە بىر سوئال قويۇپ، سوئالغا توغرا جاۋاب بەرگەن ئادەمنى ئۆزىگە قوبۇل كۆرىدىغانلىقىنى، جاۋاب بېرەلمىگەنلەرنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. لېكىن، ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان شاھزادە، بەگزادىلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا مەلىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب تېپىلمىدى، — دەپ سۆزى-نى تۈگىتىپتۇ. ئاتىسىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلىغان شاھزا-دىدە شۇ سىرنىڭ تېگىگە يېتىپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلۇپتۇ-دە، ئاتىسىدىن يەنە:

— ھۆرمەتلىك ئاتا، ئەمدى ھەممىنى ئاڭلىدىم، سىزدىن ئۆتۈنۈپ سورايدىغىنىم، ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن بېرىپ شۇ مەلىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ باقسام، — دەپ تۇ-رۇۋاپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقلاپ:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ ئىشنى سەن ئورۇندىيالمايسەن، چۈن-كى ئۇ سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەي كېلىۋاتىدۇ ھەم سوئالنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەممۇ يوق، — دەپ ئۇنىماپتۇ. لېكىن، شاھزادە سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ ئاخىر ئىلاج قىلالماي شاھزادىنىڭ بېرىشىغا رۇخسەت قىپتۇ.

شاھزادە رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئۈچ كۈن تەييارلىق قى-

لىپ، قىرىق قېچىرغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ مۈلۈك ئارتىپ، ئۈچ يېقىن دوستىنى ھەمراھ قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسى، يۇرت بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. شاھزادىنىڭ ئوي ـ پىكرى مەلىكى-نى تېزرەك كۆرۈش، سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، مەلىكىنىڭ ۋەس-لىگە يېتىش بولغاچقا، كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، مەلىكىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ سارايغىمۇ ئورۇنلاشماستىن، ئۇ-دۇل مەلىكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپتۇ. دەرۋازىۋەن شاھزا-دىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن:

— شاھزادە، سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، مەن مەلىكىگە خەۋەر يەتكۈزەي، — دەپ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ، ئارى-دىن ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ چىقىپ:

— مەلىكە سىزنى قوبۇل قىلدى، — دەپ خەۋەر ئېلىپ چىقىپتۇ. شاھزادە، مەلىكىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم، دەپ خۇشاللىقىدىن ئالدىراپ، دوستلىرىنى كەينىگە سېلىپلا مەلىكىنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، تەرىپلەشكە تىل ئا-جىزلىق قىلىدىغان شۇنداق چىرايلىق بىر مەلىكىنىڭ راۋاقتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مەلىكىنى كۆرۈش بىلەن شاھزادە ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئازلا قېلىپ، تەسلىكتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ مەلىكىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ. مەلىكە تەكەببۇر-لۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، شاھزادىنىڭ تەزىمىگە جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن:

— ئەي يىگىت، نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ — دەپ كېلىش-تىكى مەقسىتىنى سوراپتۇ. شاھزادە مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە:

— مەن بىر سوئال سورايمەن، جاۋاب بېرەلىسەڭ، ئالىمەن دېسەڭ، ئۆزۈم مانا، چاپىمەن دېسەڭ، بېشىم مانا. ئەگەردە جاۋاب بېرەلمىسەڭ، كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن. شۇنىڭغا رازى


www.uyghurkitap.com

بولساڭ، مەن سوئال سورايمەن، — دەپتۇ شاھزادە رازىلىق بېرىپتۇ. مەلىكە:

— سەنەۋەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل سەنەۋەرگە نېمە قىلدى؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قاراپ تۇرۇپتۇ. مەلىكە سوئالنى قايتا تەكرارلاپتۇ، شاھزادىدىن يەنە جاۋاب چىقماپتۇ. مەلىكە سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ، شاھزادىدىن جاۋاب چىقمىغاچقا:

— جاللات ! — دەپ ۋارقىرىغانىكەن، «خوپ مەلىكەم» دەپ، جاللاتلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تەييار تۇرۇپتۇ. مەلىكە جاللاتلارغا:

— مۇنۇ يىگىتنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار ! — دەپ بۇيرۇق بەرگەن ھامان جاللاتلار ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ، ھەمراھلىرىنى دارغا ئېسىپ، مال - مۈلكىنى



خەزىنىگە تۆكۈپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنى ئىككى يىل كۈتۈپتۇ، لېكىن قايتىپ كەلمەپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى پەملەپ نەزىر - چىراغ قىپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ ئىككىنچى ئوغلى نېمە سەۋەبتىن نەزىر بەرگەنلىكىنى سوراپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. پادى-شاھ گەپ قاچۇرغان بولسىمۇ، شاھزادە قولىغا خەنجەر ئېلىپ:

— گەپنىڭ راستىنى ئېيتىپ بەرمىسىڭىز، ئالدىڭىزدا ئۆ-لۈۋالىمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ ئوغلىغا يېلىنىپ - يال-ۋۇرغان بولسىمۇ، ئاخىر گەپنىڭ راستىنى ئېيتماي قۇتۇلالماپ-تۇ. شاھزادە ئاكىسىنىڭ يوقىلىپ كېتىشتىكى سىرنى بىلگەن-دىن كېيىن، ئۇ ئاكىسىنىڭ تەقدىرىنى بىلمەك بولۇپ ئاتىسىدىن ئىجازەت سوراپ، مەلىكىنىڭ يۇرتى تامان يول ئاپتۇ. ئاخىر ئۇ-نىڭ تەقدىرىمۇ ئاكىسىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ تۈ-گەپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھ ئۆزىنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى شەھەر سىرتىغا چىققانلىقىغا پۇشايمان قىپتۇ. شۇ ئاچچىق ھەسرەت بىلەن كەنجى ئوغلىنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ، چوڭ كۆرۈپ ئۆس-تۈرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ كىچىك ئوغلى زېرەك، ئەقىللىق چوڭ بوپتۇ. شۇ كۈنلەردە پادىشاھ ئىككى ئوغلىنىڭ دەردىدە يەنە شە-ھەر سىرتىغا چىقىپ، ئىككى ئوغلىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان مەنزىلگە غەزەپ بىلەن قاراپ ئىچ - قارنىنى بوشىتىدىغان بو-لۇۋاپتۇ. بۇ ھال كەنجىگە غەلىتە تۇيۇلۇپ، ئاتىسىدىن ھەر كۈنى شەھەر سىرتىغا نېمە ئۈچۈن چىقىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھ بەكمۇ بىئارام بولۇپ، نېمە سەۋەب ئىكەنلىكىنى ئېيتاي دېسە، ئۇنىڭمۇ ئىككى ئاكىسىدەك ھالاك بولۇشىدىن ئەنسىرەپتۇ، ئېيتماي دېسە، ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرگەن ئوغلىنىڭ لەۋزىنى يەردە قويۇشقا چىدىماي، ئاخىر:

— ئەتە سەھەردە شەھەردىن چىقىپ كۈنىنىڭ چىقىشىغا

قارىساڭ بىلىسەن، — دەپتۇ. شاھزادە شەھەر سىرتىغا چى-قىپ، كۈنچىقىش بىلەن كۈنپېتىشتىكى ئىككى كۆلنى كۆرۈپ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمەي، ئەجەبلەنگەنچە قايتىپ كەپتۇ.

— ئەي ئاتا، بۇ نېمە سىر؟ بۇ قانداق مۆجىزە؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ سوئالىدىن ئەس - ھوشىنى يو-قاتقان ھالدا:

— ئوغلۇم، جانجىگىرىم، سەن بۇ ئەھۋالنى مېنىڭدىن پەقەت سورىما، چۈنكى ئاكىلىرىڭمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتتى. سەنمۇ ئۇ يولغا كىرىپ كېتىپ قالساڭ، مەن قانداق قىلىمەن؟ سەن بولساڭمۇ، مېنىڭ چىرىغىمنى ياندۇرۇپ تۇر-دىغانغا يېنىمدىن ئايرىلما، — دەپتۇ. شاھزادىمۇ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ:

— ئەگەر ئېيتىپ بەرمىسىڭىز، نام - نىشانسىز شۇ تە-رەپكە قاراپ كېتىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ ئۆز سۆزىدىن يانمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىككى كۆلنىڭ سىرىنى، ئاكىلىرىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. شاھزادە بۇ-نى ئاڭلاپ، ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ:

— ئاتا، سىز ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، مەن بېرىپ ئاكى-لىرىمنىڭ، شۇ قانخور مەلىكىنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلگەن بىگۇناھ يىگىتلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالاي ھەم ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان يىگىتلەرنى قۇتۇلدۇراي، — دەپتۇ. پادىشاھ ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىماي:

— ئوغلۇم، مەن قېرىپ قالدىم، دۇنيادىن كېتىدىغان ۋاقتىممۇ بولۇپ قالدى. ئەمدى سەن پادىشاھلىقنى قىل، مەن كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا سېنىڭ تۇتقان يولۇڭنى كۆرەي. سەن ئۇ يەرگە كەتسەڭ، تىرىك كېلەلەمسەن - كېلەلمەمسەن، بىلگىلى

بولمايدۇ، بۇنىڭغا مەن چىدىمايمەن، بۇ مەن ئۈچۈن تىرىك ئوتتا كۆيگەن بىلەن تەڭ. ئوغلۇم، مەن سېنىڭ بېرىشىڭغا پەقەت قوشۇلمايمەن، — دەپ رۇخسەت قىلماپتۇ. شاھزادە ئا-تىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن، يەنە:

— ئەي ئاتا، مەن سىزنىڭ ئەزىز ئوغلىڭىز، مەن بېرىپ ئۇ سىرنى يەشمىسەم، سىزگە ئوخشاش ئاتىلارنىڭ قانچىلىغان ئەزىز ئوغۇللىرى جېنىدىن جۇدا بولمامدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، قاراپ تۇرۇشقا قانداق چىداۋاتىسىز؟ ئەگەر مەن شۇلارنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام قانداق قىلاتتىڭىز؟ — دەپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ بۇ مەردانە، جىگەرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ شاھزادىگە رۇخسەت بېرىپتۇ، ھەم داڭلىق مەرگەنلەردىن بەش يۈز يىگىتنى تاللاپ، قىرىق قېچىر ئالتۇن، مال - دۇنيا، بىر يىللىق ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپتۇ. شاھزادىنى يولغا سېلىشتىن ئىلگىرى پۈتۈن يۇرت خەلقىگە ئۈچ كۈن نەزىر - چىراغ بېرىپتۇ. نەزىر - چىراغ ئاياغلاشقاندىن كېيىن پادىشاھ، يۇرت خەلقى زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ شاھزادىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

شاھزادە ئاتىسى ۋە يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قانداق قىلىپ مەلىكىنىڭ يۇرتىغا تېز يېتىپ بېرىپ، مەلى-كىنىڭ سوئالىغا توغرا جاۋاب بېرىپ، ئاكىلىرىنىڭ، مەلىكى-نىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەن باشقا يىگىتلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش يەنە نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ ئۆلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى خىيال قىلىپ، تەقەززالىق بىلەن يولنى كېچە - كۈندۈز داۋاملاشتۇرۇپ، بىر ئاي ئون بەش كۈندە مە-لىكىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ، شەھەر سىرتىدىكى بىر بىنەمدىن جاي تۇتۇپ، ئەتراپىغا سوقما سوقۇپ، قورغان ياساپ ئورۇنلىشىپتۇ، قورغان ئەتراپىدا قاراۋۇللارنى قويۇپتۇ، قارا-

ۋۇللارغا ھەرقانداق يات ئادەمنى قورغانغا قەتئىي يولاتماسلىق-نى تاپىلاپتۇ.

ئىشلار شاھزادىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يۈرۈشلەشكەندە، بىرنەچچە ھەمراھىنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ ئۆزى بىلەن بىرگە شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار شەھەرگە كىرگەن بىرىنچى كۈنى دەرۋازا ئالدىدا تۇرسا، ناھايىتى سۆلەتلىك ياسانغان بىر شاھزادە كېلىپ، مەلىكىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ، لېكىن يېنىپ چىقماپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ بېشىنىڭ كېسىلگەنلىكىنى بىلىپتۇ. شاھزادە كەچ كىرگەندە تۇرار جايىغا قايتىپ كەپتۇ. ئىككىنچى كۈنى يەنە دەرۋازا تۈۋىگە بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ كۈنىمۇ بىرقانچە يىگىتلەر كېلىپ دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ كېتىپ قايتىپ چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە بۇنىڭ ھەقىقەتەن بىر سىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تۇرار جايىغا يېنىپ كەپتۇ. شاھزادە ئۈچىنچى كۈنى شەھەرگە كىرمەي، بىر خورجۇنغا بىرئاز ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلاپ مۈرىسىگە ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ، ئۇدۇل شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، يەنە بىرقانچە يىگىتنىڭ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەچ، شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ سەھراغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى مەلىكە زادى نېمە سوئال قويىدىغاندۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇ شۇنداق ئويلاپ بىر نامرات مەھەللىگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ نېمە قىلارىنى، نەگە بارارىنى بىلمەي كېتىپ بارسا، ئالدىغا چاچ-ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان، بېلى يادەك ئېگىلگەن توقسان ياشلاردا بار بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. شاھزادە بوۋاينى كۆرۈپلا، ئىشنىڭ يولىنى مۇشۇ بوۋايدىن سوراي دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپ بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي شاھزادىنىڭ سالىمى-

نى ئىلىك ئېلىپ، ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە بوۋاينىڭ كەينىدىن ئۆيىگە كىرىپ قايتا بىر نۆۋەت ئامانلاشقاندىن كېيىن، بوۋاي:

— ئوغلۇم، تەقى ـ تۇرقۇڭدىن مۇساپىرلىقنىڭ چىقىپ تۇرىدۇ. نېمە ۋەجدىن تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن:

— ئەي بوۋا، مەن مۇشۇ شەھەر مەلىكىسىنىڭ سورايدىغان سوئالىنى، سوئالىنىڭ جاۋابىنى بىلىش ئۈچۈن تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرىمەن، — دەپ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. بوۋاي بالىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:


— ئوغلۇم، سەن ناھايىتى قىيىن ئىشقا كىرىپ قاپسەن، چۈنكى بۇ سوئالنى بىلىدىغان بۇ يۇرتتا بىرەرمۇ ئىنسان يوق، مەنمۇ بىلمەيمەن، بىلگەن بولسام ساڭا ئېيتىپ بەرگەن بولاتتىم، — دەپتۇ. شاھزادە:

— بوۋا، زادى ئازراقمۇ يىپ ئۇچىنى بىلىدىغان ئادەم يوقمۇ؟ مەن بۇ سوئالنى قانداق بولسۇن تاپمىسام بولمايدۇ، چۈنكى مېنىڭ ئىككى ئاكام ھەم مەن كەلگەندىن كېيىنمۇ نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ بېشى كېسىلگەنلىكىنى بىلدىم. مېنىڭ مەقسىتىم بۇ مەلىكىنى ئېلىش ئەمەس، شۇ ئۆلگەنلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي:

— بالام، مەن ھەقىقەتەن بىلمەيمەن، يىپ ئۇچىنى بىلەك بولساڭ، يېزىنىڭ چېتىدە يالغۇز بىر ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان بىر موماي بار، ئەسلىي شۇ موماي شەھەر مەلىكىسىنىڭ ئىنىكئانىسى ئىدى، شۇ موماي بىلەمدىكىن، — دەپتۇ. شاھزادە بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ، بوۋاي ئېيتىپ بەرگەن يول بىلەن مەلىكىنىڭ ئىنىكئانىسىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ.

شاھزادە مومايىنىڭ ئۆيىگە سالام بىلەن كىرىپ، بۇ ئۆيدە

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئادەمنىڭ ياشايدىغانلىقىغا ئىشەنمەي قاپتۇ، چۈنكى تۆردە چاشقانلار يۈگۈرۈپ يۈرسە، پەگاھدا قۇرت - قوڭغۇزلار ئۆمىلەپ يۈرگەنىكەن، ئۆينىڭ تۆرىدە بىر موماي ئەسكى يوتقانغا يۆگىنىپ ئولتۇرغانىكەن. موماي شاھزادىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە ئولتۇرماي، ئۆي ئىچىگە يەنە بىر نۆۋەت قاراپ چىقىپ:

— ئانا، سىز قېرىغاندا قىيىنچىلىق تارتىپ قاپسىز، بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلاي، — دەپ مۈرىسىدىكى خۇرجۇننى يەرگە قويۇپ، ئۆي ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقنى يىغىشتۇرۇپ، سۇ ئەكىرىپ چېچىپ، سۈپۈرۈپ، تازىلاپتۇ. قالايدىغان ئېشەك تېزىكىنىڭ ئورنىغا بىر كۆتۈرۈم ئوتۇن سېتىۋېلىپ ئەكەپتۇ. ياماق كىگىز، ئەسكى يوتقاننىڭ ئورنىغا يېڭىنى يەڭگۈشلەپتۇ. كىيىم - كېچەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، باش - كۆزىنى يۇيۇشقا ياردەملىشىپتۇ. شاھزادە شۇ

ئىشلارنى قىلىپ بولغۇچە، موماي ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ قاپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىش پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى بىلىپ:

— ھۆرمەتلىك چوڭ ئانا، — دەپ سۆزىنى باشلاپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ، يۇرت كېزىپ يۈرۈشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ، مومايىنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ سوراپتۇ. موماي ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ:

— بالام، سەن ناھايىتى خەتەرلىك ئىشقا تەۋەككۇل قىپسەن. بۇ سوئالنى مەلىكىدىن باشقا ئادەم بىلمەيدۇ، مەنمۇ بىلمەيمەن. ئەگەر بۇ سوئالنى بىلمەن دېگەن ئادەم چىقسىمۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. سوئالنى سورىغان ئادەممۇ ھەم شۇنداق. ئەگەر سېنىڭ مۇشۇ ئىش بىلەن يۈرگىنىڭنى مەلىكە بىلسە، سەنمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىسەن. ئەگەر سەن ئاغزىڭنى چىڭ تۇتۇپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلىساڭ، بىر گەپنى ئېيتىپ بېرىمەن، بىراق سەللا بىخەستەلىك قىلساڭ، ئىككىمىزنىڭ كاللىسى كېتىدۇ، بۇ ئېسىڭدە بولسۇن. بۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن مەلىكىنىڭ يېقىن ئادىمىنى تېپىش كېرەك. مەلىكىنىڭ قىرىق كېنىزىكى بار. ئۇلار ھەر كۈنى مەلىكىگە ئاتاپ سېلىنغان چوڭ باغقا سەيلىگە چىقىدۇ. كېنىزەكلەرنىڭ ئىچىدە مەلىكىنىڭ ئەڭ يېقىن بىر كېنىزىكى بار. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر گۈللۈك بار، گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن بىر تۈپ قىزىلگۈل بار. ئۇ كېنىزەك ھەر كۈنى شۇ قىزىلگۈلدىن بىر تالنى ئۈزۈپ مەلىكىگە سوۋغا قىلىدۇ. مەلىكىنىڭ سوئالىنى بىلسە، شۇ كېنىزەك بىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم بىلمەيدۇ، — دەپتۇ. شاھزادە مومايىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ خېلى ئويلاپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇ كېنىزەك بىلەن قانداق ئۇچرىشىشنى بىلمەي:

— جان ئانا، ئۇ كېنىزەك بىلەن قانداق ئۇچرىشىمەن؟ ئۇنىڭدىن قانداق سورايمەن؟ ئۇ كېنىزەك بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ يولىنى ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. موماي:

— بالام، بىر ئامال قىلىپ باغقا كىرىپ، باغ ئوتتۇرىسىدىكى شۇ گۈللۈككە يوشۇرۇنۇۋال. كېنىزەكلەر چىقىپ سەيلىسىنى باشلىغاندا، ئۇ كېنىزەك باشقىلارنى ئويۇنغا قىزىقتۇرۇۋېتىپ گۈللۈككە گۈل ئۈزگىلى كېلىدۇ. شۇ چاغدا سەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، كانىيىغا پىچاقنى سوركەپ تۇرۇپ سوراساڭ، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ ئېيتىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دەپ باغقا كىرىش يولىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. يىگىت مومايىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تۆت مەرتەم تەزىم قىلىپ، ئېلىپ كەلگەن مال - مۈلكى، ئالتۇنلىرىنى قويۇپ، خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە ئەتىسى قورغىنىغا قايتىپ كېلىپ، ھەمراھلىرى بىلەن ئامان - ئېسەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىغا ئۆزىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، موماي ئېيتقان باغ تەرەپكە يول ئاپتۇ. باغنىڭ تاملىرى ئېگىز، تام ئارقىلىق باغ ئىچىگە كىرىش مۇمكىن بولمىغاچقا، باغقا سۇ كىرىدىغان سۈگۈچنىڭ شاللىرىنى كېرىۋېتىپ باغقا كىرىپ، موماي ئېيتىپ بەرگەن گۈللۈكنى تېپىپ، گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىلگۈلنىڭ تۈۋىگە مۆكۈپ، كېنىزەكلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كېنىزەكلەر كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن باغقا كىرىپ كەپتۇ. يىگىت ئۇلارغا سەپسېلىپ تۇرۇپتۇ. كېنىزەكلەر جۈپ - جۈپ بولۇپ باغنىڭ ئىچىگە تارالغان پەيتتە، كېنىزەكلەر ئىچىدە ئالاھىدە ياسىنىۋالغان بىر كېنىزەك، موماي ئېيتقاندەك، باشقىلارغا تۇيدۇرماي شاھزادە ياتقان گۈللۈك

تەرىپىگە يۈگۈرۈپ كەپتۇ. ئۇ ئاۋايلاپ گۈلگە قول سۇنغان ھامان شاھزادە چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، گۈللەر ئا-رىسىغا ئەكىرىپ، ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن ئېتىۋېلىپ، يېنىدىن پىچاقنى چىقىرىپ كېكىردىكىگە تەڭلەپتۇ، قىز ۋارقىرىماقچى بولغاندا، شاھزادە پىچاقنى ئۇنىڭ كېكىردىكىگە تىرەپ:

— ۋارقىرىساڭ بوغۇزلاپ تاشلايمەن ! — دەپ تەھدىت سالپتۇ. كېنىزەك قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ تۇرۇپ:

— ئەي يىگىت، ماڭا نېمە تەلىپىڭ بار، ئېيتقىن. ئەگەر مەلىكە سېزىپ قالسا، ئىككىمىزنىڭ كاللىسى كېسىلىدۇ، — دەپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا:

— مەن بېشىمنىڭ كېتىشىدىن قورقسام، بۇ يەرگە كەل-مەيتتىم، ئەگەر سەن بېشىڭنىڭ كېتىشىدىن قورقساڭ، راست گەپ قىل، — دەپ، مەلىكىنىڭ سىرلىق سوئالىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. كېنىزەك قىينالغان ھالدا ئۆزىگە پا-ناھ ئىزدەپ ئەتراپىغا قاراپ:

— ئەي يىگىت، مەن بۇ سوئالنى بىلمەيمەن، سەن مېنى يامان يەردىن قىستىدىڭ. مەن ئۆزۈمنىڭ بىلىدىغىنىنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي. سەن بۇ سوئالنى بىلمەكچى بولساڭ، كۆھ-قاپقا بار، شۇ يەرگە بارساڭ، شۇ جايدا بىر بوۋاي بار. شۇ بوۋاي مەلىكىنىڭ سوئالىنى ھەم جاۋابىنى بىلىدۇ. بۇ يۇرتتا سوئالنى ھەم سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلىدىغان ئادەم تېپىلماي-دۇ، — دەپتۇ. شاھزادە پىچاقنى كېنىزەكنىڭ كانىيىغا تې-خىمۇ قاتتىق تىرەپ تۇرۇپ:

— گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. كېنىزەك ياشلى-رىنى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈپ تۇرۇپ:

— ئەگەر يالغان سۆزلىگەن بولسام قان قۇسۇپ ئۆلەي، — دەپ قەسەم قىلغاندا، شاھزادە:

— كۆھىقاپقا قانداق بارغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆھىقاپقا قانداق بېرىشنى بىلمەيمەن، ئۇ بولسا ئۇ يەردە بەش يۈز دىۋىگە پادىشاھ. ئۇ يەر بەك خەتەرلىك، بارغان ئادەم تىرىك قالمايدۇ، — دەپتۇ كېنىزەك. شاھزادە ئۆزىنى ئىزدىنىپ يۈرگەن سىرنىڭ ئاچقۇچىنى تاپقانلىقىغا ئىشىنىپ، كېنىزەكنى قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئالتۇن بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كېنىزەك بۇ ئىشنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، گۈلنى ئۈزۈپ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا كېتىپتۇ.

شاھزادە باغدىن چىقىپ قورغانغا قايتىپ كەپتۇ. ئۆزىگە ئىشەنچلىك بولغان ئادەملىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىگە ئۆز ئورنىدا باشقىلارغا مەسئۇل بولۇپ قورغاننى مۇستەھكەم ساقلاپ تۇرۇشنى، باشقىلارغا شۇ ئادەمنىڭ سۆزىگە كىرىشنى، ئەگەر ئوزۇقلۇق تۈگەپ قالسا، يۇرتتىن ئېلىپ كېلىشنى تاپىلاپ، ئاتىسىغا ئامان-ئېسەنلىك توغرىسىدا بىر پارچە خەت يېزىپ قالدۇرۇپ، سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، ئەتىسى سەھەر ئۆزى يالغۇز كۆھىقاپنى نىشانلاپ ئاتلىق سەپەرنى باشلاپتۇ. كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ توختىماي مېڭىپتۇ. مىنگەن ئېتى بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ، شاھزادىنى ئەمەس، ئۆزىنى تەستە كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغاندا بىر يايلاق ئۇچراپتۇ. شاھزادە ئاتنىڭ بېشىدىن يۈگەننى ئېلىپ، ئۈستىدىن نەرسە-كېرەكلىرىنى چۈشۈرۈۋېلىپ ئاتنى يايلاققا قويۇۋېتىپ: «مۇشۇ يايلاقتا كۈنۈڭنى ئال» دەپ، ئۆزى پىيادە سەپىرىنى باشلاپتۇ، شۇ ماڭغىنىچە كېچە-كۈندۈز تىنماي يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ، بىر چۆلدىن ئۆتسە، يەنە بىر جىراغا، جىرادىن ئۆتسە، يەنە بىر چۆلگە چىقىپ مېڭىپ، چۆل، دەشت-باياۋان تۈگىمەي

تۇرۇپ ئوزۇقلۇقى تۈگەپ، ئوت ـ چۆپ يىلتىزى، ياۋا مېۋە
ئۇچرىسا يەپ، ئۇچرىمىسا ئاچ قورساق يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىـ
لىپ، بىر كۈنى چۈش بولغاندا، ھاۋا بەك قىزىپ كەتكەن
ۋاقىتتا، مادارى قالماي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، يىراقتا بىر
چىنار كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ، چىنارنىڭ تۈۋىدە سۇ باردۇ، دەپ ئۈمىد
قىلىپ، چىنارنى نىشانلاپ مېڭىپتۇ، يول ئاز قالغاندا دەرمانى
ئۈزۈلۈپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، لېكىن مېڭىشنى توختاتماي ئۆمىـ
لەپ، دومىلاپ، تاتىلاپ، تىرمىشىپ چىنار تۈۋىگە كەپتۇ، قارىغۇـ
دەك بولسا، چىنار تۈۋىدە سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ ئېـ
قىۋاتقان، ھاۋاسى شۇنداق سالقىن، ئادەمزات ئايىغىمۇ تەگمىگەن
تىپتىنچ جاي ئىكەن. ئۇ بۇلاق سۈيىنى قانغۇچە ئىچىپ، يۈز ـ
كۆزىنى يۇيۇپ راھەتلىنىپتۇ، ھاردۇقىنى چىقارماق ئۈچۈن چىـ
نارغا يۆلىنىپ ئاسمانغا قاراپ ياتقانىكەن، تۇيۇقسىز چىناردىن



كىتاب ئويۇقلار
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چۈشتىمۇ ياكى ئاسماندىن چۈشتىمۇ، شاھزادىنىڭ ئالدىدا بىر دانە گۈل غۇنچىسى پەيدا بوپتۇ، گۈل غۇنچىسى ئاستا - ئاستا پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ. شاھزادە بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ گۈلنى ئالماقچى بولۇپ قول ئۇزاتقانىكەن، گۈل سەكرەپ - سەكرەپ قېچىپتۇ، شاھزادە قوغلاپتۇ. شاھزادە توختىسا گۈلمۇ توختاپتۇ، شاھزادە قوغلىسا، گۈلمۇ قېچىپتۇ. شاھزادە گۈلنى قوغلا - قوغلا بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاپتۇ، قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋالماقچى بولغاندا، گۈل ئۆزىنى تاغنىڭ جىراسىغا ئېتىپتۇ. شاھزادىمۇ ھېچ ئويلانماي گۈلنىڭ كەينىدىن جىراغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. شاھزادە ئۆزىنىڭ نىمە بولغانلىقىنى بىلمەپتۇ، بىر چاغدا كۆزىنى ئاچسا، بىر ھەيۋەتلىك شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا ياتقۇدەك. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، دەرۋازا قىيا ئوچۇق تۇرغۇدەك، ھەيران بولۇپ، دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن دەرۋازا ئىچىگە قاراپ ئاستا ئىچىگە كىرىپتۇ. شەھەر شۇنچە كۆركەم، كوچىلىرى فارفور تاشلاردىن نەقىشلەنگەن، ئازادە، كەڭتاشا ئىكەن، لېكىن ئادەم يوق ئىكەن. شاھزادە كوچا ئارىلاپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، بىر قېرى بوۋاي ئۇچرىشىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا سالام بېرىپ:

— ئەي بوۋا، بىر تال گۈلنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە بالام، ھېلىقى قىزىلگۈلمۇ؟ ئاۋۇ كۆك ئىشىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. گۈل شۇ يەردە، — دەپ كۆك ئىشىكلىك بىر بىنانى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ بوۋاي. شاھزادە بوۋاي كۆرسەتكەن ئىشىكنى ئېچىپ كىرسە، شۇنداق ساھىبجامال بىر پەرى مەلىكە ئولتۇرغانىكەن. ئۇ شاھزادىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ:

— مەرد يىگىت، كېلىڭ، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

شاھزادە ئالدىدىكى قىزنىڭ ئايدەك سۈزۈك، ئادەمزاتتا بولمايدىغان نۇر يېغىپ تۇرغان نۇرانە چىرايىنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقاتقىلى تاسلا قاپتۇ. شاھزادە بىرئاز ئۆزىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن، قىز:

— ئەي يىگىت، سىزنى قەيەردىن سورايمىز؟ — دەپتۇ. شاھزادە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. قىز يەنە:

— نېمە سەۋەبتىن بۇ سەپەرگە ئاتلاندىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە ئۆزىنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشتىكى مەقسىتىنى، سەپەردىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— مەن بۇ يەرگە بىر تال قىزىلگۈلنى قوغلاپ كىرگەنىدىم، سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. قىزىلگۈلنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

— مەن شۇ قىزىلگۈل، سىزنىڭ كۆزىڭىزگە قىزىلگۈل بولۇپ كۆرۈنگەنىدىم، — دەپتۇ. شاھزادە ھەيران بولۇپ:

— سىز ئۆزىڭىز كىم؟ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ كۆزۈمگە قىزىلگۈل بولۇپ كۆرۈندىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

— مەن سىزگە بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى چۈشۈمدە ئاشىق بولغانىدىم. مەن سىزنىڭ ئىشق-پىراقىڭىزدا دەرد-ھەسرەت چېكىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە چۈشۈمدە بىر نۇرانە يۈزلۈك بوۋايىنى كۆردۈم، ئۇ ماڭا: «سېنىڭ يىگىتىڭ ھېچنېمىنى سەزمەي يۈرىدۇ. سەن بۇ يىگىتنى تېپىش ئۈچۈن كۈندە شۇ چىنار تۈۋىگە بېرىپ، بۇلاق بويىنى يوقلاپ تۇرغىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سېنىڭ يىگىتىڭ شۇ چىنار تۈۋىگە كېلىدۇ» دەپ كۆزدىن غايىب بولدى. شۇنىڭدىن بېرى مەن سىزنى شۇ چىنارنىڭ تۈۋىدە ساقلاۋاتىمەن. سىز ئەمدى كەلدىڭىز، سىز مەن كۈتكەن ئاشىقىم بولىسىز، — دەپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭدىن يەنە:

— سىز ئۆزىڭىز كىم، بۇ يەر قايسى شەھەر؟ — دەپ

سوراپتۇ. قىز شاھزادىگە ئۆزىنىڭ ئاسمان پەرىلىرى پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى، بۇ شەھەر پەرىلەرنىڭ زېمىنىدىكى شەھىرى پەرىلەر پادىشاھى قىزىغا تىل تەگمىسۇن دەپ، بۇ ئادەمزات ئايىغى باسمايدىغان شەھەرنى قۇرۇپ بەرگەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۇزۇن پاراڭلىشىپتۇ. پاراڭلاشقانسېرى ئىشق ئوتلىرى ئۇلغىيىپتۇ. ئۇلار بەش كۈن كۆڭۈللۈك بىرگە بولۇپ، ئالتىنچى كۈنى يىگىت:

— ئەي مەلىكەم، مەن ئۆز سەپىرىمنى داۋاملاشتۇرسام دەيمەن، قانداق بولسۇن، ئاشۇ مەلىكىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قولىنى ئۈزمىسەم بولمايدۇ. نېمە بولسىمۇ، مەن سىزنىڭ ۋەسلىڭىزگە يەتتىم. مېنى سىزگە يەتكۈزگەن ئاللاغا مىڭ مەرتەم شۈكۈر. سىز ماڭا ياردەم قىلىڭ، ئاشۇ كۈھقاپ دېگەن يەرگە بېرىپ سىرنى ئاچمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ. مەلىكە شاھزادىنىڭ ئۆز سۆزىدىن يانمايدىغان قەيسەرلىكىگە تېخىمۇ قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماپتۇ. مەلىكە شاھزادىگە يول باشلاپ مېڭىپتۇ، مېڭىپ - مېڭىپ ئىككى ئاچا يولغا كەپتۇ. مەلىكە يولنى كۆرسىتىپ:

— ئەي شاھزادەم، بۇ يوللارنى كۆردىڭىزمۇ، ئىلگىرى بۇ يولدا بۇنداق خەت يوق ئىدى. مەن سىزگە ئاشىق بولغاندىن كېيىن، سىزنىڭ مۇشۇ يولغا كىرىپ قالسىڭىز قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ، مۇشۇنداق خەت يېزىپ قويغان، — دەپتۇ. شاھزادە قارىغۇدەك بولسا، بىر يولنىڭ بېشىدىكى تاشقا «بارسا كەلمەس»، يەنە بىرىگە «بارسا كېلۇر» دېگەن خەتلەر يېزىقلىق تۇرغۇدەك. مەلىكە يەنە:

— ئەي شاھزادەم، بۇ يولنى ماڭغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، سەپىرىڭىزدىن يېنىڭ، كەتسىڭىز كېلەلمەيدىغانلىقىڭىزغا كۆزۈم يېتىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. شاھزادە مەلىكىگە يېلىنغان

ئاساستا:

— ئەي مەلىكەم، بارمىسام بولمايدۇ، چۈنكى مېنىڭ ئىككى ئاكام ئاشۇ زالىم مەلىكىنىڭ قولىدا ئۆلگەن، مەن ئۇلارنىڭ قىساسىنى ئالمىسام، خەلقنى بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ. مەلىكە يىگىتنىڭ ۋىجدانلىقلىقىغا تېخىمۇ قايىل بولۇپ:

— ئەي كۆپ ئۈچۈن ئۆز يۈرەك قېنىنى ئاتىغان باتۇر يىگىت، بارماڭ دېسەم، سۆزىڭىزدىن يانمىغۇدەكسىز، زادى بارمىسىڭىز بولمىسا، مەن سىزنى كۆھقاپقا ئاپىرىپ قويۇشقا تەييار، قايتۇرۇپ كېلىشكىمۇ تەييار، لېكىن ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن سىزنىڭ ھېچقانداق ئىشىڭىزغا ياردەم قىلالمايمەن، چۈنكى ئۇ سېھىر - ئەپسۇن بىلەن تولغان ماكان بولغاچقا، مېنىڭ قولۇمدىن سىزگە ياردەم قىلىش كەلمەيدۇ، — دەپتۇ. شاھزادە ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. مەلىكە شاھزادىگە:

— ئۇنداق بولسا، مەن نېمە قىلسام سىزمۇ شۇنى قىلىڭ، — دەپتۇ - دە، بىر موللاق ئېتىپ قۇشقاچقا ئايلىنىپتۇ، شاھزادىمۇ بىر موللاق ئېتىپ قۇشقاچقا ئايلىنىپتۇ، ئىككىسى جۈپ بولۇپ «بارسا كەلمەس» دېگەن يولنى بويلاپ ئۇچۇپتۇ. شۇ ئۇچقانچە كەچ پېشىن بولغاندا بىر توپ چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ چۈشۈپتۇ - دە، ئادەمگە ئايلىنىپ، چىنار تۈۋىدىكى بۇلاقتىن قانغۇچە سۇ ئىچىپ ھاردۇقىنى ئاپتۇ. ئىككىسى پاراڭ بىلەن كەچ كىرگەننى سەزمەي قاپتۇ. نامازشام بولغاندا، مەلىكە:

— بىز ھازىر كۆھقاپقا يېتىپ كەلدۇق. مەن سىزنى ئەكېلىپ قويدۇم، قالغان ئىش بولسا سىزگە قالدى. مەن قايتىمەن، ئەگەر قاچان بېشىڭىزغا كۈن چۈشسە، مۇشۇ بىر تال پەينى

www.uyghurkitap.com

كۆيدۈرسىڭىز مەن پەيدا بولىمەن، — دەپ قۇشقاچنىڭ بىر تال پېيىنى شاھزادىگە بېرىپتۇ. شاھزادە پەينى قولىغا ئېلىپ مەلىكە بىلەن خوشلىشىپتۇ. مەلىكە يەنە قۇشقاچ بولۇپ ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

يىگىت چىنار ئۈستىگە چىقىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋېتىپتۇ. كېچىنى تىنچ - خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە، يىگىتنىڭ قۇلىقىغا يىراقتىن سوزۇپ ئېيتقان ئەزاننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. يىگىت شۇ زامات چىناردىن چۈشۈپ بۇلاق سۈيىدە تاھارەت ئېلىپ، ئەزان ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئۇ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، شۇنداق ھەيۋەتلىك بىر مەسچىتنىڭ ئىشىكى كەڭ ئوچۇق تۇرغۇدەك. شاھزادە ھېچ ئىككىلەنمەي مەسچىتكە كىرىپ قارىسا، يوغان سەللە ئورىغان، ئاپئاق ساقاللىق مويسىپىت بىر ئادەم يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ مىدىرلىماي ئولتۇرغانىكەن. شاھزادە مەسچىتنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ جىم ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن كەينى - كەينىدىن بەتبەشىرە دىۋىلەر كىرىشكە باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى ئەسكى چاپاننىڭ يېڭىدەك، بۇرۇنلىرى تۇرخۇندەك قاپقارا، ھۇۋقۇش چاڭگا سالغۇدەك ئىكەن. شاھزادە نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ كېتەلمەي، تىپتىنچ ئولتۇرۇپتۇ. دىۋىلەر كىرىپ بولغاندىن كېيىن، بوۋاي تەكبىر ئېيتىپ ناماز ئوقۇشنى باشلاپتۇ. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، دىۋىلەر ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ چىقىپ كېتىپتۇ. شاھزادە بولسا، دىۋىلەرنىڭمۇ ناماز ئوقۇشى ئەجەب ئىشقۇ دەپ، بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي بوۋاينىڭ كەينىدىن سىرتقا چىقىپتۇ. بۇ چاغدا مويسىپىت يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ:

— ئەي بالا، ھازىر مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. مېنىڭ

ئادەمزاتقا زادى رەھىم قىلمايدىغان قەسىمىم بار، مەن بۇ قەسەمنى خۇدا ئالدىدا قىلغان، قەسىمىمدىن يانمايمەن، — دەپتۇ. شاھزادە مويسىپىتقا يالۋۇرۇپ:

— ئەي بوۋا، سىز مېنى ئۆلتۈرمىسىڭىز، مەن سىزنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر ئىشلىرىڭىزغا ياردەم قىلسام، ھېچبولمى- غاندا ھويلا - ئاراملىرىڭىزنى بولسىمۇ سۇ چېچىپ، سۈپۈ- رۈپ، تازىلاپ بېرەي. ئۇنداق قىلماڭ، ئۈچ كۈن مۆھلەت بې- رىڭ، — دەپ يۈتىغا يېپىشىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ زارىغا چىدىماي:

— بىلەمسەن، ئەگەر مەن سېنى ئۆلتۈرمىسەم، قەسىمىم ئۆزۈمگە يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ئۆلىمەن. بولىدۇ، ساڭا بىر قېتىم ياخشىلىق قىلاي، لېكىن ئېسىڭدە بولسۇن، ئۇ- چىنچى كۈنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن. يۈر، ماڭا ئەگىشىپ ماڭ، — دەپ شاھزادىنى كەينىگە سېلىپ ھويلىغا ئېلىپ كىرىپ، يو- غان قۇلۇپ سېلىنغان بىر ئىشىكنى ئېچىپ، گەپ - سۆز قىلمايلا ئىچىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋېتىپ، ئىشىككە قۇلۇپ سېلىۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ. شاھزادە قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ- تۇ، بىر كۈن، بىر كېچە بىر يىلدەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كې- تىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى بامدات نامىزىغا ئەزان چىققاندا بوۋاي ئىشىكنى ئېچىپ، شاھزادىگە:

— بۇياققا چىق، — دەپتۇ. شاھزادە تاشقىرىغا چىققاندىن كېيىن، بوۋاي ئۇنىڭغا بىر ھويلىنى كۆرسىتىپ:

— مۇشۇ ھويلىغا سۇ چېچىپ سۈپۈرسەن، بېشىڭنى كۆتۈ- رۈپ ئۇيان - بۇيان قارىمايسەن. قاراپ قويساڭ ئۆزۈڭگە ياخشى ئەمەس. مەن ئادەمزاتقا ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدىم، ساڭا رەھىم قىلغاننى بىل، — دەپ تاپىلاپ قويۇپ نامازغا چىقىپ كېتىپتۇ. شاھزادە ھويلىغا سۇ چېچىپ، سۈپۈرۈپتۇ، ھېچقانداق شەپە ياكى باشقا غەلىتە ئىشنى ئۇچراتماپتۇ. بوۋاي نامازدىن

قايتىپ كىرىپ، شاھزادىنىڭ قىلغان ئىشىدىن رازى بوپتۇ. لېكىن، ئۇنى يەنىلا ھېلىقى ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. بىر نەچچە كۈن، بىر كېچە ئۆتۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە بوۋاي يەنە ئىشىكنى ئېچىپ شاھزادىنى تاشقىرىغا چىقىرىپ، ئىككىنچى ھويلىغا ئېلىپ كىرىپ تازىلاشنى ئېيتىپ، ئالدىنقى كۈنىدىكى سۆزىنى تەكرارلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. شاھزادە ھويلىنىڭ يېرىمىنى سۈپۈرۈپ بولۇشىغا بىر ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلىنىپتۇ، ئۇ ئەتراپقا شۇنچە سەپسېلىپ قارىسىمۇ، ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. لېكىن، يىغا ئارىلاش نالە قىلغان ئاۋاز توختىماپتۇ. شاھزادە بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. ئۇ ھويلىنى تازىلاپ بوپتۇ. بوۋاي قايتىپ كىرىپ ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن رازى بولغان بولسىمۇ، خاتىرجەم بولالماي:

— ئەي بالا، نېمە كۆردۈڭ، نېمە ئاڭلىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە ھېچ نەرسە كۆرمىگەنلىكىنى، ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇنى يەنە قاراڭغۇ ئۆيگە باشلاپ كىرىپ سولاپ قويۇپتۇ. ئۈچىنچى كېچە ئۆتۈپ، تاڭ يەنە سۈزۈلۈپ، ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بوۋاي شاھزادىنى يەنە ئۆيدىن چىقىرىپ، ئۈچىنچى ھويلىنى كۆرسىتىپ:

— بۈگۈن مۇشۇ ھويلىنى سۈپۈرىسەن. بۈگۈن بەك ئېھتىيات قىلغىن، ھېچ يەرگە قارىما. بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى، ۋەدەمدىن يانمايمەن، بۈگۈن سېنى بەرىبىر ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە ھويلىنى سۈپۈرۈشكە باشلاپتۇ. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، تونۇگۈن ئاڭلانغان ئېچىنىشلىق ئاۋاز يېقىنلا يەردىن ئاڭلىنىپتۇ. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، شۇنداق يوغان بىر توپ چىنارنىڭ ئىككى تال شېخىغا ئىككى دانە تۆمۈر قەپەس ئې-

سىلغانىكەن. قەپەسنىڭ بىرىدە بىر ئايال قىپيالىڭاچ ھالەتتە يا ئولتۇرغان، يا ئۆرە تۇرغان ھالەتتە ئەمەس ، چۈنكى قەپەسنىڭ ھەممە يېرىگە زىخ قادالغان، ئايال مىدىرلىسىلا زىخ سانجىلىپ جېنىنى قاقشىتىدىكەن. بايىقى ئېچىنىشلىق ئاۋاز شۇ ئايالنىڭ ئاۋازى ئىكەن. يەنە بىر قەپەستە ماموق كۆرپە ئۈستىدە بىر ئىت، بويىنىغا بىر دانە گۆھەر ئېسىلغان، ئالدىدىكى گۆشلەرنى يېگۈسى كەلمەي ياتقانىكەن. ئايال بولسا، ئالدىغا ئېغىزى يەتكۈدەك قىلىپ قويغان تاۋاقتىكى ئۇماچ يۇقۇندىسىنى يالاپ تۇرغانىكەن. شاھزادە بۇ ھالنى كۆرگەندىن كېيىن بىرنەرسە سەزگەندەك بولۇپ، ئۆز ئىشىنى تاماملاش ئۇچۇن ئالدىراش ئىشلەپتۇ. بوۋاي قايتىپ كىرىپلا شاھزادىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— بېرى كەل، ئەمدى سېنى ئەجەل كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، سېنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ. شاھزادىنىڭ كۆزىگە رەھىمسىز ئەجەل كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇۋېلىپ:



www.uyghurkitap.com

— بوۋا، سىز ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەن. تېخى ئۈچىنچى كۈننىڭ يېرىمىمۇ تۈگىمىدى، كەچ كىرگەندە ئۇلتۇرسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز، ئاڭغىچە مەنمۇ كۈننىڭ سىرىنى كۆرۈۋالاي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بوۋاي:

— مەن ساڭا شۇنچىلىك رەھىم قىلالايمەن، بۇنىڭدىن ئارتۇق رەھىم قىلسام، شۇ رەھىمىم ئۆزۈمگە ياندۇ. مەن سىنى ئۈچ كۈن ئىشلەتتىم، بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە بىرىنچى كۈنى نېمە كۆردۈڭ؟ ئىككىنچى كۈنى، ئۈچىنچى كۈنلىرى نېمە كۆردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە بىرىنچى كۈنى ھېچ نەرسە كۆرمىگەنلىكىنى ۋە ھېچ شەپە ئاڭلىمىغانلىقىنى، ئىككىنچى كۈنى ئېچىنىشلىق بىر ئاۋازنى ئاڭلىغانلىقىنى، بۈگۈن بولسا قەپەستىكى ئەھۋاللارنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ:

— بوۋا، بۇ نېمە ئىش؟ مەن بۇ ئىشلارنى بىلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان قىلمايمەن، — دەپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچبىر ئىپادە بىلدۈرمەي:

— سەن ئۆلۈپ كېتىسەن. مەن سېنى ئۆلتۈرمىسەم، قەسىمىم ئۆزۈمگە يېنىپ، ئۆزۈم ئۆلىمەن. سەن بەرىبىر ئۆلىدىغان بولغاچقا، مەن بۇ ئىشلارنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي. سەن ھەممىنى كۆرۈپسەن. ئاۋۇ قەپەستە ئېسىقلىق تۇرغان ئايال — گۈلپەرى دېگەن قىز شۇ، مەن بولسام سەنەۋەر دېگەن بولىمەن. ھازىر بىر شەھەردە كۈن بىلەن نۇر تالىشىدىغان بىر قاذخور مەلىكە بار. ئۇ ھازىر: «گۈل سەنەۋەرگە نېمە قىلدى؟ سەنەۋەر گۈلگە نېمە قىلدى؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بەرگۈچىگە تېگىمەن، جاۋاب بېرەلمىسە كاللىسىنى ئالىمەن» دەپ خەلققە زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ. باشقىلار بىلمەيدىغان بۇ سوئالنى چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزى بىر چولاق قارا دىۋنى ئاشنا تۇتۇپ بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھازىر دىۋىدىن ئىككى بالىسى بار. ئۇ، دىۋىدىن

ئايرىلماسلىق ھەم باشقىلارغا تەگمەسلىك ئۈچۈن ئاشۇ سوئالنى سوراپ، جاۋاب بېرەلمىسە، كاللىسىنى ئالىدۇ. بۇ سىرنى مەندىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. سەن بۇ سىرنى ئۇقۇپ قالدىڭ، بىلگەندىكىن باشتىن - ئاخىر ھەممىنى بىل. گۈل سەنەۋەرگە نېمە قىلدى دېسەڭ، گۈل سەنەۋەرگە بىۋاپالىق قىلدى. سەنەۋەر گۈلگە نېمە قىلدى دېسەڭ، سەنەۋەر گۈلگە جاپا قىلدى. ئەسلىي مەن بەش يۈز يىللىق يولنى بېسىپ، ئۆلۈمگە قىلچە پىسەنت قىلماي، يار ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن كېچىپ، كىچە - كۈندۈز يول مېڭىپ شەرقىي شۇستانغا بېرىپ ئۆز يارىمنى تاپقاندىم، گۈلنى نىكاھىمغا ئېلىپ شۇستاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم. لېكىن گۈلپەرى بولسا، بىر قارا دىۋە، بىر ئاق دىۋىنى ئۆزى بىلەن بىللە ماڭا تۇيدۇرماي ئېلىپ كەپتۇ. قايتىپ كەلگەندىن باشلاپ كېچىسى ماڭا ئەپسۇن ئوقۇغان چاينى ئىچۈرۈپ ئۇخلىتىپ قويىدىكەن، مەن ئەتىسى بىراقلا ئويغىنىدىكەنمەن. ئۇ ماڭا ئاق دىۋىنى ھەمراھ قىلىپ ياتقۇزۇپ قويىدىكەن، ئۆزى قارا دىۋە بىلەن بىرگە بولىدىكەن. بۇنى مەن پەقەت سەزمەيتىمەن، كۈنلەردىن بىر كۈنى كېچىسى چۆچۈپ ئويغانسام، ئۆينىڭ ئىچى تىن تارتقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە سېسىقچىلىق بولۇپ كېتىپتۇ. مەن دىۋىنىڭ سېسىقلىقىدىن ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. مەن گۈلپەرى بىلەن كۈندۈزى بىللە يۈرسەك پەقەت سېسىق پۇرىمايدۇ، كېچىسى نېمە ئۈچۈن شۇنداق سېسىق پۇرايدۇ دەپ ئويلىدىم. قارىسام، گۈلپەرى ئۆز ئورنىدا ياتىدۇ، سېسىقلىقتىن قارىغۇمۇ كەلمىدى. مەن بۇ كېچىنى تولىمۇ بىئارام بولۇپ، خىياللارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي يېتىپ تاڭنى ئاتقۇزدۇم. مېنىڭ بىر ئىتىم بار ئىدى. سەن قەپەستە كۆرگەن، بوينىغا گۆھەر ئېسىپ قويغان ئىت شۇ. بۇ ئىتمۇ كېچىسى قاۋاپ

پەقەت جىم ياتمىدى، كۈندۈزى بېشىنىمۇ ئۆتۈرمەي ئۇخلىدى. ئىتنىڭ بۇنداق قىلىشى ھەم گۈلپەرىنىڭ سېسىقلىقى مېنى ئويغا سېلىپ قويدى. مەن بۇ سىرنى ئېچىش ئۈچۈن كېچىسى يالغان ئۇخلاپ كۆزىتىش خىيالىغا كەلدىم. مەن شۇ خىيالغا كەلگەن كەچقۇرۇنلۇقى گۈلپەرى ماڭا تولىمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ، نازۇ نېمەتلەرنى تۇتتى. مەن ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي ھەممىنى يېمەي يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدىم. ئۇ بېشىمدا تۇرۇپ مېنى ئويغىتىپ بېقىپ، مەندىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي گۈلپەرى شۇنداق سەت، بەتبەشىرە بىر ئاق دىۋىنى باشلاپ كىرىپ، بىر سۇپكۆچ قىلىپ ئۆز سىياقىغا كەلتۈردى ـ دە، مېنىڭ يېنىمغا ياتقۇزۇپ قويدى، دىۋە يېنىمغا كېلىشىگە سېسىق پۇراق يەنە پۇراشقا باشلىدى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈپ دىۋە ئۇخلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن گۈلپەرى ئاستا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مەن تۇيدۇرماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ، قىلىچىمنى ئېلىپ گۈلپەرىنىڭ كەينىگە كىرىپ ماڭدىم. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، گۈلپەرى بىر ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن بېرىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرسام، گۈلپەرى بىلەن شۇنداق كۆرۈمسىز، بەتبەشىرە بىر قارا دىۋە نەچچە يىل كۆرۈشمىگەن ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك قۇچاقلىشىپ، بىر ـ بىرىگە چىڭ گىرە سېلىپ كۆرۈشۈپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىشتى. مەن گۈلپەرىنى تېپىپ مۇرادىمغا يەتكۈچە تارتقان ئازابلىرىمنى ئويلاپ دەرغەزەپكە كەلدىم ـ دە، ئىشىكنى جالاقلىتىپ تېپىپ ئۆيگە كىرىپ دىۋىگە قىلىچنى شۇنداق چاپقان بولساممۇ، ئۇنىڭ پەقەت ئۈچ بارمىقىلا كېسىلىپ چۈشتى. دىۋە بىلەن ئىككىمىز ئېلىشىشقا باشلىدۇق. مەن دىۋىدىن غالىب كېلىپ، دىۋىنىڭ بىر پۇتىنى پۇكۇپ، ئۇنى

ئاستىمغا بېسىۋالاي دېگەندە، گۈلپەرى بىر ئېتەك تېرىقنى مېنىڭ ئايىغىمغا چاچتى، مەن تېيىلىپ كېتىپ بىر پۇتۇم پۇكۇلۇپ قالدى. دىۋە ئۆرە بولۇپ، ئۆزىنى رۇسلىۋېلىشقا ئۈلگۈردى. ئۇ مېنىڭ كېكىردىكىمنى غەزەپ بىلەن بوغۇۋاتقان پەيتتە مېنىڭ ئىتتىم تاشقىرىدىن غەزەپ بىلەن قاۋاپ يېتىپ كىردى ـ دە، دىۋىنىڭ پاچىقىدىن چىشلەپ دىۋىنى تالاشقا باشلىدى، دىۋە ئۆزىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملىدى بولغاي، تاشقىرىغا قاراپ بەدەر قاچتى، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتەلمىدىم. ئۇ ھازىر مەن ئېيتقان ھېلىقى قانخور مەلىكە بىلەن بىرگە ئۆتۈۋاتىدۇ. مەن قايتىپ كېلىپ گۈلپەرىنىڭ كانىيىغا قىلىچنى سوركەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەممە سىرىنى بىلدىم. ئۇ ئەسلىي ئەپسۇن بىلەن دىۋىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدىغان، ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدىغان سېھىرگەر ئىكەن. مەن ئۇنىڭ سېھرىنى بىلىپ، ھەممە دىۋىلەرنى يىغىشقا بۇيرۇدۇم، ئۇ ھەممە دىۋىلەرنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سېھىر قۇتىسىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ تاشلىدىم. لېكىن، قارا دىۋە گۈلپەرىدىن غالىب ئىكەن، شۇڭا گۈلپەرى ئۇنىڭ بىلەن ئاشنا بولۇشقانىكەن. شۇ سەۋەبتىن مەن گۈلپەرىنى سەن كۆرگەن ھالەتتە بىر قەپەسكە، ماڭا ۋاپا قىلغان ئىتنىڭ بويىنىغا گۆھەر ئېسىپ يەنە بىر قەپەسكە سولاپ قويدۇم، چۈنكى مەن گۈلپەرىگە ۋاپا قىلسام، ئۇ ماڭا جاپا قىلدى، ئىت بولسا ۋاپا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن: «ئادەمگە رەھىم قىلمايمەن» دەپ قەسەم ئىچىپ، ئادەمزاتقا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن بۇ دىۋەلەر ماكانىغا كېلىپ ياشاۋاتىمەن. سەن ئەمدى مېنىڭ ھەممە سىرىمنى بىلىپ بولدۇڭ، شۇڭا مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. شاھزادە ھەممە سىرنى بىلگەندىن كېيىن، قانداق بولسۇن، بۇۋايدىن قۇتۇلۇشقا ئامال ئىزدەپ:

— ئەي ھۆرمەتلىك بوۋا، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئىككى رەكەت ناماز ئۆتەش قائىدىسى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ماڭا يەنە بىر قېتىم رەھىم قىلسىڭىز، مەن ناماز ئوقۇۋالسام، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بوۋاي بۇ تەلەپكە تەستە قوشۇلۇپ:

— بولىدۇ، مەن ساڭا ئۈچىنچى قېتىم ياخشىلىق قىلاي. لېكىن، مەن سېنى قانداقلا بولسۇن ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپتۇ. بالا تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە ماڭغانىكەن، بوۋاي:

— ئاۋۇ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۆتە ! — دەپ بىر گۈمبەزنى كۆرسىتىپ، ئۆزى قىلىچىنى تۇتقىنىچە ئىشىك تۇۋىدە ساقلاپ تۇرۇپتۇ. گۈمبەزنىڭ قۇببىسىدىكى كىچىك يوچۇقتىن باشقا ئادەم چىقىپ كەتكۈدەك يەر يوق ئىكەن. شاھزادە قېچىشنىڭ ئامالىنى تاپالماي، نامازنىمۇ ئۆتىمەي، پەرىلەر مەلىكىسى بەرگەن قۇشقاچنىڭ پېيىنى كۆيدۈرگەنىكەن، ئۆز ئاشىقى قۇشقاچ سۈرىتىگە كىرىپ، گۈمبەزنىڭ قۇببىسىدىكى تۆشۈكتىن گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ ئەسلىگە كېلىپ:

— ئىشلار قانداق بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە ھەممە ئىشلارنىڭ پۈتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە:

— ئىش پۈتكەن بولسا، سىز مەن نېمە قىلسام شۇنى قىلىڭ، — دەپتۇ. مەلىكە ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ. شاھزادىمۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ. مەلىكە ئالدى ـ كەينىگە، ئىككى يانغا يۈرۈلۈپتۇ. شاھزادىمۇ شۇنداق قىپتۇ. ئىككىسى شۇ زامات بىر جۈپ قۇشقاچ سىياقىغا كىرىپتۇ ـ دە، گۈمبەزنىڭ تۆشۈكىدىن ئۈچۈپ چىقىپ، گۈلپەرى بىلەن ئىت ئېيىسلىغان چىنارنىڭ شېخىغا قونۇپتۇ. بوۋاي ساقلاپ تاقىتى قالماي:

— ئەي بالا، يېنىپ چىقمامسەن، ۋاقىت توشتى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. گۈمبەزنىڭ ئىچىدىن جاۋاب چىقمىغاندىن كېيىن،



كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم ۋارقىراپ يەنە جاۋاب ئاللىماي
غەزىپى تۇتۇپ، — ئادەمزاتقا ياخشىلىق قىلمايمەن، دەپ تۇ-
رۇپمۇ يەنە يېڭىلىپتىمەن، — دەپ غەزەپ بىلەن قىلچىنى
چىقىرىپ گۇمبەزنىڭ ئىچىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ، لېكىن ئادەم
يوق. بوۋاي، مېنىڭ ھەممە شەرمەندىچىلىكىم خەلقىئالەم ئال-
دىدا چىتقا يېيىلىدىغان بولدى ھەم قەسىمىم ئادا بولماي
قالدى دەپ ئويلاپ، غەزەپ بىلەن بىر نەرە تارتقانىكەن، بەش
مىڭ دىۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا باش ئېگىپ تۇرۇشۇپتۇ. ئۇ غەزەپ-
كە پايلىماي دىۋىلەرنىڭ بېشىنى چېپىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ھەممە
دىۋىنىڭ بېشىنى چېپىپ بولۇپ، ئاسمانغا قاراپ يەنە بىر نە-
رە تارتىپ تۇرغىنىچە ھەيكەلدەك قېتىپلا قاپتۇ. شۇ چاغدا
بىر قۇيۇنتاز كېلىپ ئۇنى ئۆرۈۋېتىپتۇ، ئۇ مىدىرلاپمۇ قوي-
ماپتۇ. ئۇلار بوۋاينىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن،
قىزنىڭ شەھىرىگە قاراپ پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپتۇ.

ئۇلار شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەلىكە شاھزادى-
دىن ئەھۋالنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوراپتۇ. شاھزادە كۆر-
گەن - بىلگەنلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەلىكە
شاھزادىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئۇلار خۇ-
شال - خۇرام بىر ھەپتە ئارام ئېلىپ ھاردۇقى چىققاندىن كېيىن،

شاھزادە:

— مەلىكەم، ئەمدى ھەممە سىر ئېچىلدى، شۇ قانخور مەلىكىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ، ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار-نىڭ روھىنى خۇش قىلاي، — دەپ مەلىكىدىن ئىجازەت سوراپتۇ. مەلىكىمۇ:

— ئەمدى مەن سىزدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمايمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئۇلار ئىككىسى قانخور مەلىكىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ھەممە سەپەرنى ئامان ـ ئېسەن تۈگىتىپ، شاھزادە قورغانغا سالامەت قايتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادىنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا سۆيۈپ، ئامان ـ ئېسەنلىك سوراپتۇ. ئۇلار سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، شاھزادە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— ئەگەر بۇ مەلىكە بولمىغان بولسا، سىلەر بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، — دەپ مەلىكىنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپتۇ. مەلىكە شاھزادىنىڭ ئادەملىرىگە ئېگىلىپ سالام قىپتۇ.

شاھزادە بىر كۈن ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن ئۆز يېقىنلىرىنى چاقىرىپ، كېيىنكى ئىشنى قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپ، شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن بىرقانچە ئادەمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، قالغانلىرىنى قورغاندا جەڭگە تەييار ھالەتتە تۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. چۈنكى، ئۇلار مەلىكە ۋەدىسىدە تۇرسا، ئىشنى ئۆز يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، ئەگەر ۋەدىسىدە تۇرمىسا، جەڭ ئارقىلىق ھەل قىلىشنى مەسلىھەتلەشكەنىكەن. شاھزادە ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىشىگە، دەرۋازىۋەن:

— ئەي يىگىت، ياش ھەم كېلىشكەن بالا ئىكەنسەن، پەيدىلىڭدىن يان، — دەپتۇ. شاھزادە قەتئىيلىك بىلەن:

— مەن كەينىمگە يېنىش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس. ئەگەر كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلمىساڭلار، ئورداڭلارغا ئوت قويۇۋې-تىمەن ! — دەپتۇ. دەرۋازىۋەن قورقۇپ ئىچكىرىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىپتۇ ۋە ھايال بولماي قايتىپ چىقىپ مەلىكىنىڭ رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ئوردا ئىچىگە باشلاپ كىرىپتۇ. مەلىكىنىڭ خاس ھۇجرىسى ئالدىغا كەلگەندە، شاھزادىنى يالغۇز كىرىشكە رۇخسەت قىلىپ، قالغانلارنى ئى-شىك ئالدىدا قالدۇرۇپتۇ. شاھزادە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، شۇنداق گۈزەل بىر مەلىكە ئولتۇرغان. شاھزادە كىرىشى بى-لەن مەلىكە ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسىتىپتۇ، شاھزادە ئولتۇ-رۇپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭدىن:

— ئەي بەرنا يىگىت، نېمە سەۋەب بىلەن كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— مەلىكەمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئا-دەملىرىدىن بىرىنى چاقىرىپتۇ -دە، شاھزادىنى كۆرسىتىپ:

— بۇ يىگىتنى باشلاپ ئوردىنى بىر ئايلاندۇرۇپ كىرىڭلار، — دەپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ كەينىدىن ئوردىنى ئايلىنىپ بىر ئورۇنغا كەلسە، نۇرغۇن باشلارنىڭ دۆۋىلەكلىك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھېلىقى ئادەم شاھزادىگە:

— مەلىكەمنىڭ سىزگە رەھمى كېلىپ، بۇلارنى كۆرسە پەيلىدىن يېنىپ قالار، دېگەن ئۈمىدتە تېنىدىن جۇدا بولغان باشلارنى سىزگە كۆرسىتىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. شاھزادە يەنە قەتئىيلىك بىلەن:

— ماڭا ئۇنداق رەھىمدىللىقنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنچە بىگۇناھ باشلارنىڭ كېسىلگىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قانداق چىداي-مەن؟ ! — دەپتۇ. ئۇ كىشى ئىلاجسىز شاھزادىنى مەلىكى-

نىڭ ئالدىغا قايتۇرۇپ كىرىپتۇ. مەلىكە بۇ ھالغا ئەجەبلە-
نىپ:
— ئەي بەرنا يىگىت، ئوردىنىڭ ئىچىنى كۆرگەنسىز؟ —
دەپتۇ.
— كۆردۈم، شۇنى كۆرگەچكە سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەي
دەپ كىردىم، — دەپتۇ شاھزادە. مەلىكە شاھزادىگە يەنە بىر
نۆۋەت تىكىلىپ قاراپ:
— مەن سوئال قويىمەن، جاۋاب بېرەلىسىڭىز، ئالسىڭىز
تېگىمەن، ئەگەر ئېلىشنى خالىمىسىڭىز، كاللام قىلىچىڭىز-
نىڭ ئاستىدا. ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسىڭىز، بېشىڭىز چېپى-
لىدۇ! — دەپتۇ. شاھزادە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. مەلىكە:
— گۈل سەنەۋەرگە نېمە قىلدى، سەنەۋەر گۈلگە نېمە قىل-
دى؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە:
— گۈل سەنەۋەرگە بىۋاپالىق قىلدى، سەنەۋەر گۈلگە جا-
پا قىلدى، — دەپ، بوۋاي سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىنى سۆزلەپ
بېرىپتۇ. مەلىكە ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. شاھزادە ئادەملىرىنى چا-
قىرىپ، مەلىكىنىڭ كانىيىغا قىلىچنى سوركەپ، دۆۋنىڭ نە-
دە ئىكەنلىكىنى ئېيتقۇزۇپ، دۆۋنى دەرھال تۇتۇپ چىقىپ
چېپىپ تاشلاپتۇ. ئاندىن مەلىكىنى خەلقئالەم ئالدىغا باشلاپ
چىقىپتۇ. بۇ چاغدا، مەلىكە:
— ئەي بەرنا يىگىت، ھەقىقەتەن ئەقىللىق، باتۇر ئىكەن-
سىز، توغرا جاۋاب بەردىڭىز، نېمە قىلسىڭىز ئىختىيار ئۆزد-
ىڭىزدە، — دەپتۇ. شاھزادە ئۇنى ئالمايدىغانلىقىنى، بىگۇناھ
بېشى كېسىلگەنلەرنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈمگە
مەھكۇم قىلىدىغانلىقىنى دەپ، ئۇنىڭ دۆۋە بىلەن بولغان مۇ-
ناسىۋىتىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاپ، چاۋىسىنى چىتقا
يېيىپتۇ ھەم ئۇنى پۇت - قولىدىن باغلاپ ئوتتا كۆيدۈرۈشنى



بۇيرۇپتۇ. ھەممە تەي-
يارلىق پۈتۈپ، ئو-
تۇنغا ئوت يېقىلىپ-
تۇ. مەلىكە كۆيۈشكە
باشلاپتۇ، ئۇنىڭ نالە-
زارى، داد - پەريادى
جاھانغا بىر كەپتۇ...

شۇ يۇرتنىڭ
خەلقى شاھزادىنىڭ
باتۇرلۇقىغا قايىل
بولۇپ، يۇرتقا پادى-
شاھ بولۇپ بېرىشنى
ئۆتۈنۈپتۇ. شاھزادە
ئۇلارغا رەھمەت ئېيـ-
تىپ، ئۆز ئادەملىرى
ئىچىدىن ئىشەنچلىك
بىرىنى پادىشاھ قى-
لىپ، ئۆز يۇرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. خەلق خۇشاللىقىدىن ئۇلارنى
ئۈچ كۈنلۈك يولغىچە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.


شاھزادە يۇرتقا ئامان - ئېسەن قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ
ئوغلىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقى ئىچىگە
سىغماي، پۈتۈن يۇرت خەلقىنى چىللاپ كاتتا توي قىلىپ
بېرىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنى ئاتىسىغا تونۇشتۇرغاندىن كېـ-
يىن، پادىشاھ قايتىدىن يۇرت خەلقىگە قىرىق بىر كېچە -
كۈندۈز شاھزادىنىڭ تويىنى قىلىپ بېرىپ، پادىشاھلىقنى ئۇ-
نىڭغا تاپشۇرغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شاھزادە پادىشاھ بولۇپ،
يۇرتنى ئادىل سوراپ ئۆتۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ياخشىلىق يەردە قالماس

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ناھايىتى يىراق بىر ماكاندا، يىراق بولغاندىمۇ بىزدىنمۇ يىراق، يىراقتىكىلەردىنمۇ يىراق يەردە، ئاق دەريانىڭ ئوڭ تەرىپى، كۆك دەريانىڭ سول تەرىپىدە، چىمەنتاغنىڭ بۇ يېقى، كۆيۈكتاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ناھايىتى خىلۋەت، ئەھلى ئالەمدىن خالىي بىر ماكان بولغانىكەن. بۇ يەردە بىر بېخىل ئادەم ئايالى ۋە بىر ئوغلى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ جان باقىدىكەن. بۇ ئادەمنىڭ بالىسى تولىمۇ زېرەك ۋە چىرايلىق بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ مەستلىكى كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە كىچىكرەك بىر دەريا بار ئىكەن. شۇ چاغقىچە ھېچكىم بۇ دەريانىڭ قەيەردىن باشلىنىپ، قەيەرگە قۇيۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. بۇ ئوماق بالا داۋاملىق ئاشۇ دەريا بويىغا بېرىپ تاماشا قىلىشنى، سۈزۈك سۇلارنىڭ تېگىدە تاش ئارىسىدىن غىلدىرلاپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان بېلىقلارنى تۇتۇپ، قويۇپ بېرىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ بالا دەريا بويىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر چىرايلىققىنا كىچىك بېلىق دەريانىڭ قىرغىقىغا يېقىن بىر بۇلاقتا سەكرەپ ياتقۇدەك، بالا ئۇنى كۆرۈپ شەپە چىقارماي پەم بىلەن ھېلىقى چىرايلىق بېلىقنى تۇتۇپتۇ، ئەمما ئۇ-



نىڭ چىرايلىقلىقىغا
قاراپ ئۇنى زادىلا
قويۇپ بەرگۈسى
كەلمەي، ئۆيىدە باق-
ماقچى بولۇپ ئېلىپ
مېڭىپتۇ. بالا بې-
لىقنى ئالىقىنىدا
ئويناپ ئۆيىگە يېقىن
بىر يەرگە كەلگەندە،
بېلىقتا بىردىنلا
زۇۋان كىرىپ قاپ-
تۇ. چىرايلىق بېلىق
مەرۋايىتتەك كۆز-
لىرىنى بالىغا بىر
خىل ئىلتىجا بىلەن تىكىپ تۇرۇپ:

— ئەي ئادەمزات پۇشتىدىن بولغان ئوماق بالا، گەرچە سەن ئادەم، مەن هايۋان بولساممۇ، هەممىمىز خۇدانىڭ مەخلۇقى، خۇددى ماڭا ئوخشاش كىچىك ئىكەنسەن، هەرقاچان ئاتا - ئاناڭ ساڭا بەك ئامراقتۇ؟ مەنمۇ ئاتا - ئانامنىڭ ئامراق بالىسى. خۇددى ساڭا ئوخشاش مېنىڭ تۇغۇلۇپ دۇنياغا كۆز ئاچقىنىمغا ئۇزاق بولمىدى، ئالەمدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى تېخى تولۇق كۆرۈپ بولغىنىممۇ يوق، ماڭا رەهىم قىلىپ مېنى قويۇۋەت. ئۆزۈڭ بى- لىسەن، مېنىڭ هاياتىم دەريا - دېڭىزلار بىلەن باغلانغان، سۇدىن ئايرىلسام، ئۇزاق ياشىيالمايمەن، ناهەق ئۆلۈپ كېتىمەن. ئۆلۈپ كەتسەم، مەندىن ساڭا بىر لوقمىمۇ گۆش چىقمايدۇ، ساڭا هېچقانداق پايدىسى يوق. مېنى هەمراهلىرىم بىلەن بۇ دۇنيادا ياشىغىلى قوي، خۇدايىم بۇيرۇسا، سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭنى

www.uyghurkitap.com

ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ قالمايمەن. ئەگەر ساڭا ھېچقاچان ماڭا ئوخشاش تۇتقۇنلۇقنى بەرمىسۇن. بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ قالسا، مەن چوقۇم ساڭا ئەسقېتىپ قالىمەن، — دەپ ياش تۆكۈپ يالۋۇرۇپتۇ. بالا بېلىقنىڭ ياش تۆكۈپ، ئادەمدەك ئۆكسۈپ يىغلىغانلىقنى كۆرۈپ ھەم ھەيران بوپتۇ، ھەم ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ-دە، بېلىقتىن ئۇنىڭ جىننى ئاغرىتىپ، ئازار بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپتۇ ھەمدە ئارقىسىغا يېنىپ بېلىقنى دەرياغا قويۇپ بېرىپتۇ. بېلىق سۇغا چۈشۈش بىلەنلا پىلتىڭلاپ يايراپ كېتىپتۇ. بالا بۇنى كۆرۈپ خۇشاللانغان ھالدا ئۆيىگە قايتماقچى بولغانىكەن، بېلىق بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ:

— ئەي، ئاق كۆڭۈل ئادەمزات بالىسى، سەن مېنى ھاياتلىق ماكانىمغا قويۇپ بەردىڭ، ساڭا بەخت - سائادەت نېسىپ بولغاي، ساڭا كۆپ رەھمەت. بىز بۈگۈندىن كېيىن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالايلى. سەنمۇ زېرىككەن چاغلىرىڭدا كېلىپ مېنى يوقلاپ تۇرغىن، مەنمۇ سېنى كۆرۈپ تۇراي، — دەپتۇ. بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپتۇ ۋە كۈندە دېگۈدەك كېلىپ بېلىقنى يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. بالا ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، بېلىقنىڭ قىياپىتى ۋە گەپ - سۆزلىرى ئېسىگە كېلىۋېلىپ، بولغان ئىشلارنى ئۇنتۇيالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ بالا كۈندە دېگۈدەك بېلىقنىڭ قېشىغا بارىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىدىغان، ئۇنىڭ سۇدا يايراپ، پىلتىڭلاپ ئوينىغان چىرايلىق ھالىتىنى تاماشا قىلىدىغان بوپتۇ. بۇ بالا كۈندە دەريا بويىغا بارغاندا قوينىغا بىر نان تىقىپ ئېلىپ بارىدىكەن - دە، ناننى بېلىقلارغا ئۈزۈپ بېرىدىكەن. بالىنىڭ دادىسى بەك پىخسىق بولغاچقا، بالا ناننى ئوغرىلىقچە ئېلىپ ماڭىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بالا بىلەن بېلىقنىڭ
دوستلۇقى تېخىمۇ قويۇقلىشىپتۇ. بالا بېلىقتىن ئايرىلالماي-
دىغان، كۈندە دېگۈدەك دەريا بويىغا كېلىپ بېلىققا قاراپ
ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىش شۇنداق تەكرارلىنىۋې-
رىپتۇ. بۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى، بۇ بالا ھەر كۈنى ئەتى-
گەندە چىقىپ كەتسە، كەچ بولماي پەيدا بولمايدىغان بولۇۋال-
دى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندە بىر نان يوقىلىپ كېتىدىغان بو-
لۇپ قالدى. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ بۇ بالا نەلەردە ھاڭۋېقىپ يۈرى-
دىغاندۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى بالىنىڭ دادىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يوشۇرۇن
ئەگىشىپ، تۈيدۇرماي دەريا بويىغا كەپتۇ. دادىسى بىر يەردە
ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ قاراپ تۇرسا، بالا قويىنىدىن بىر نان
چىقىرىپ بېلىققا ئۇۋاپ بېرىۋاتقۇدەك. بۇ ئادەمنىڭ ئەرۋاھى
ئۇچۇپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بوپتۇ. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ
تۇرۇپ بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىقىدىن سوزغان
پېتى بالىنى ۋارقىرىتىپ، دۆشكەلەپ - سۆرەپ دېگۈدەك ئۆ-
يىگە ئېلىپ كەپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بې-
رىپ، بالىنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ، ھەتتا ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈ-
ۋەتمەكچى بوپتۇ. بالا تاياق زەربىسىدىن چالا ئۆلۈك بولۇپ
قاپتۇ. بالىنىڭ ئاپىسى باغرى يۇمشاق ئايال ئىكەن، ئۇنىڭ
چىدىغۇچىلىكى قالماي ئېرىگە ئېسىلىپ يالۋۇرۇپ، يىغلاپ
تۇرۇۋاپتۇ. بىچارە ئانا بالىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كېتىپ-
تۇ. بالىنىڭ دادىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، بالىغا
قاراپ:

— بوپتۇ، سېنى ئۆلتۈرمەي، شۇنداقتىمۇ ئەمدى ساڭا بۇ
يەردە بىكار يەيدىغان نان يوق. كۆزۈمدىن يوقال ! قېنى ئەمدى
سەن كۈندە نان بېرىپ بېقىپ كېلىۋاتقان بېلىقلار ساڭا ئاتا -

ئانا بولامدىكىن، ساڭا نان بېرەمدىكىن، ــ دەپتۇ. خوتۇنىنىڭ ئېسىلئۇپلىشلىرىغا، بالىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ قارىماي بالىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. بالا يىغلاپ ــ قاقشاپ دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. ھېلىقى بېلىق ھېچ يەردە كۆرۈنمەپتۇ. ياشاشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بالا ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ-يۇ، دېگەندەك ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ. بالا دەريادا ئېقىپتۇ ــ ئېقىپتۇ، ئاخىر بىر قايىنامغا كىرىپ ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا بىر لەھەڭ بېلىق كەپتۇ ــ دە، شىددەتلىك قايىنامنىڭ ئىچىگە كىرىپ بالىنى ئۈستىگە ئاپتۇ. بالا بۇ چاغدا ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىكەن. بېلىق بالىنى مەرۋايىت ئوردىغا ئەكەپتۇ. بۇ بېلىق بېلىقلار دۇنياسىنىڭ شاھى ئىكەن. بۇ بالا دوستلاشقان ھېلىقى كىچىك بېلىق دەل مۇشۇ شاھ بېلىقنىڭ ئەتىۋارلىق شاھزادىسى بولۇپ، بالىنى دادىسى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن ئۇ دوستىنىڭ ئۆلۈۋېلىش ئىھتىمالىنى سېزىپ، دەرھال شاھ ئاتىسىغا خەۋەر قىلغانىكەن. شاھ بېلىق شاھزادىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، بالىنى قۇتقۇزۇپ قالغانىكەن. شاھ ۋە شاھزادە بېلىق بالىغا ئېسىل دورىلارنى ئىچكۈزۈپ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، بالا تولۇق ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئەتراپىدا نۇرغۇن بېلىقلار ھېلىقى چىرايلىق كىچىك بېلىق بىلەن بىللە ئۆزىنى تەبرىكلەۋاتقۇدەك. بېلىقلار ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇشال بوپتۇ. شۇ چاغدا بېلىقلارنىڭ شاھى بولغان لەھەڭ بېلىق بۇ يەرگە كەپتۇ. بالىنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە بالىغا قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن:

ــ ئەي ئادەمزات، سەن مېنىڭ سۆيۈملۈك شاھزادەمنى قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈردۈڭ، شۇنىڭ بىلەن مېنى ۋە بارلىق بېلىقلار دۇنياسىنى مۇسىبەت ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، ئۇنىڭ

ئۇستىگە ئوغلۇم بىلەن يېقىن دوست بولدۇڭ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدىڭ. مۇشۇ ئىش تۇپەيلى سەن مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ، خەيرىيەت. بىزمۇ خۇدانىڭ مەخلۇقى، ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنى بىلىمىز. ئەمدى سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولىمىز. مۇشۇ يەردە قال، مەن سېنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرىمەن، — دەپتۇ. بالىمۇ دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا بېلىقلار بىلەن ئويناپ ــ كۈلۈپ يۈرۈپتۇ.

كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى تولدۇرۇپ، ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپتۇ. بالىمۇ تازا بوي تارتىپ چوڭ بولۇپ، بىر قىران، باتۇر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى سۇ ئاستىدا تۇرۇپ ئىنسانلارنى سېغىنىپتۇ، ئادەمزاتنىڭ تۇرمۇشىنى ئەسلەپتۇ ۋە لەھەڭ بېلىققا ئەمدى ئۆزىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى، قۇرۇق-لۇققا چىقىپ ئىنسانلاردەك ياشىماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىگە ئىجازەت بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. لەھەڭ شاھ با-لىغا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئىجازەت بېرىپتۇ. ئەتىسى پۈتۈن بېلىقلار بالىنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئۇستىگە مىندۈرۈپ قىرغاققا ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە ئۇنىڭ قاياققا با-رىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. بالا ئۆزى بۇرۇن كەلگەن تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— ئۇ تەرەپكە بارمايمەن، چۈنكى مەن دادامنىڭ يەنە غە-زىپىگە ئۇچرىشىم مۇمكىن. ئۇنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇ-ناھىم بولسا كېرەك. شۇڭا، دەريانىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار، — دەپتۇ. بېلىقلار بالىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، ئۇنى بىر دولقۇنغا مىندۈرۈپ دەريانىڭ يەنە بىر ساھىلىغا ئاچىقىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. بالا دەريادىن ئامان ــ ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىق-قاندىن كېيىن، قۇياشنىڭ قىزىق ھاراربتىدە كۆزىنى ئاران ــ ئاران ئېچىپ ئەتراپقا نەزەر سالپتۇ. ئۇ ئۇياققا قارىسىمۇ

قۇملۇق، بۇياققا قارىسىمۇ قۇملۇق كۆرۈنۈپتۇ. بالا بىر ئاز قورـ قۇپتۇ ۋە تەۋەككۇل قىلىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئېلىۋالغان ئوزۇقىمۇ تۈگەشكە باشلاپتۇ. ماڭسا ـ ماڭسا، بۇ يەرنىڭ ھېچ ئايىغى چىقمىغۇدەك، شۇنچە كۆپ ماڭىپتىـ مۇ، يەنىلا ئوخشاش بىر خىل پايانسىز چۆللۈكتە كېتىۋاتقۇدەك. ئاخىر ماڭغۇدەك ماجالى قالماي، ئارام ئالاي دەپ ئولىلاپ ئۆزىنى قۇم دۆۋىسىگە تاشلاپتۇ ـ دە، يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ. قانچىلىك ئۇخلىغانلىقى نامەلۇم، بىر چاغدا قاتتىق بوران چىقىپ، چۆل ئاسمىنىدا ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەش پەيدا بولۇپ بالىنى ئويغىتىـ ۋېتىپتۇ. بالا كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئاسماندا بىر زور قۇش كۆرۈنۈپتۇ، قۇش بارغانسېرى پەسلەپتۇ. پەسلەپ ـ پەسلەپ ئاـ خىر بالىغا يېقىنلىشىپتۇ ـ دە، بالىغا جەھلى بىلەن تاشلىنىپـ تۇ. بالىمۇ بوش كەلمەپتۇ. ئۇلار ئېلىشا ـ ئېلىشا ئارىدىن بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۆتۈپتۇ. بالىمۇ، قۇشىمۇ ھالىدىن كېتەي دەپ قاپتۇ، لېكىن قۇش شۇ ھالەتتىمۇ يەنىلا بالىغا ھۇجۇم قىپتۇ. بالىمۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئەجەل بىلەن ئېلىشىپتۇ. قۇش شۇنداق ئېتىلىپ كەلگەنىكەن، بالا يەردىن تاش ئېلىپ قۇشقا ئېتىپتۇ. تاش قۇشقا تېگىپتۇ ـ دە، پالاق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قۇش يەرگە يىقىلىپتۇ. بالا قارىسا، قۇش چالا ئۆلۈك ھالەتتە ياتقۇدەك. بالىنىڭ بۇ قۇشقا ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېـ مىتىپ، دان يېگۈزۈپ، ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپتۇ. قۇش بىرـ ھازادىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ. قارىسا، ئۆزى يېمەكچى بولغان ھېلىقى ئادەم ئۆزىگە سۇ ئىچكۈزۈپ، دان يېگۈزۈپ ئولتۇرغۇـ دەك. قۇش بۇ ھالدىن قاتتىق ھەيران، ئۆزىنىڭ قىلغان ياۋۇزلۇـ قىدىن چەكسىز پەرىشان بوپتۇ ۋە بالىغا قاراپ:

— ئەي ئادەمزات بالىسى، سەن مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈـ ۋەتمەي قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭ، مەن سېنى يېمەكچى بولغان ئەمەسـ

مىدىم؟ راست، ئەسلىدە مەن سېنى يېمەكچى بولغانىدىم، بىراق سەنمۇ بوش كەلمەي ماڭا تاقابىل تۇردۇڭ. ئادەمزاتنىڭ باتۇر، ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم، ئەمما ئانچە ئىشەنمىگەنىدىم، بۈگۈن راستتىنلا قايىل بولدۇم. مەن سېنىڭ مەرد ۋە رەھىمدىللىقىڭدىن تەسىرلەندىم، ئەمما ئۆزۈمنىڭ نا-
مەردلىكىمدىن ئازاب چەكمەكتىمەن، ساڭا قارىيالمايۋاتىمەن. مېنى تېز ئۆلتۈرۈۋەت، مەن ئۆلۈمگە مەھكۇم، نېمىشقا قاراپ تۇرىسەن؟ — دەپتۇ. بالىمۇ خىجىل بولغان ھالدا:

— ئەي قۇش، مەنمۇ سەندىن خىجالەت بولۇۋاتىمەن. مەن سېنى نىمجان قىلىپ قويدۇم، مېنى ئەپۇ قىلغىن. مەن ئۆ-
زۈمنى قوغدايمەن دەپ سېنى مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قوي-
دۇم. سېنىڭ بۇ ھالىتىڭنى كۆرۈپ قاتتىق پۇشايمان قىلىۋا-
تىمەن. مەن بىر يېگانە ئادەم، مېنىڭ بۇ قۇملۇقتا ھېچ نەر-
سەم يوق، بۇ دۇنيادىمۇ ھېچ نەرسەم يوق، بارار - تۇرار نى-
شانىممۇ يوق. سەنمۇ بۇ ھالاكەتلىك چۆلدە ئۇچۇپ يۈرۈپسەن، سېنى ئۆزۈمگە ئوخشىتىپ ساڭا ئىچىم ئاغرىدى. شۇڭا، سەن مېنى ھالاك قىلماقچى بولغان بولساڭمۇ، سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىم، — دەپتۇ. قۇش بالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدە بىر باغۇ بوستاندىن ئۇچۇپ كېلىۋاتسا، تۇيۇقسىز قۇيۇن چىقىپ كېتىپ قۇيۇن ئىچىدە قالغانلىقىنى، يولدىن ئېزىپ قېلىپ بەش كۈن ئاچ قالغانلىقىنى، شۇڭا بالىنى يې-
مەكچى بولغانلىقىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلىشنى ئىل-
تىماس قىپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا ئەپۇ سورىشىپتۇ. قۇش بالا بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا:

— ئەي ئادەمزات بالىسى، بىز قۇشلارغۇ سىلەرنىڭ ئال-
دىڭلاردا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيمىز، شۇنداقتىمۇ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەسقېتىپ قالارمەن، ئەگەر مەن ساڭا لازىم بولۇپ

قالسام، «سۇمۇرغ قۇشۇم، سەن نەدە؟» دېسەڭ، مەن خىزمە-تىڭدە هازىر بولىمەن، — دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بالا قۇشنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن يولغا راۋان بوپتۇ.

ئۇ ماڭا ـ ماڭا ئاخىر ماڭغۇدەك ھالىمۇ قالماپتۇ. ئۇ-نىڭ پۇتلىرى تېشىلىپ قاناپتۇ، چىرايى ساماندەك سارغىيىپ-تۇ، لەۋلىرى قۇرۇپ چاك ـ چاك گەز باغلاپتۇ. ئۇ ئۆلۈمنى ئويلاپ كېتىۋاتسا، تۇيۇقسىز دەھشەتلىك بوران چىقىپ ئۇنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ غازاڭدەك ئاسماندا ئۇچقاندىن كېيىن، بىر غارنىڭ قېشىغا كېلىپ لەيلەپ ـ لەيلەپ يەرگە پوككىدە چۈشۈپتۇ، بالا ھالسىزلىنىپ، بىر تاش ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە چىرايىدىن نۇر يې-غىپ تۇرىدىغان بىر بوۋاي ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە بالىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، مېھرىبان ئاتىلارچە سىلاپتۇ ۋە بالىغا:

— ئى بالام، سەن نېمە ۋەجىدىن بۇ يەرگە كېلىپ قال-دىڭ؟ ئۆزۈڭنى خەتەرگە ئۇرۇپسەن، بۇ يەر بىر دىۋىلەر ماكا-نى، بۇ غاردا قورقۇنچلۇق دىۋە ياشايدۇ. سەن دەرھال ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال، هازىر دىۋىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئۆز جېنىڭغا ھېزى بول. ساڭا ئاللا بىر گۈزەل پەرىشتىنى نېسىپ قىلغاي، خەير، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، — دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بالا ئويغىنىپ ئەتراپقا قاراپتۇ، ئەمما بوۋاينىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قارىسا، ئالدىدا راستتىنلا بىر غار تۇرغۇدەك. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ غار-نىڭ ئاغزىغا يېقىنلاپ، غار ئىچىگە قۇلاق ساپتۇ، ئۇزاق تىڭ-شىغان بولسىمۇ، غارنىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق بىر تىۋىش ئاڭلانماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ غارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چوڭ دەرۋازا



www.uyghurkitap.com


ئۇچراپتۇ. بۇ زادى قانداق يەردۇ، دەپ دەرۋازىدىن كىرىپتۇ. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر دەرۋازا ئۇچراپتۇ، ئۇنىڭدىنمۇ كىرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى دەرۋازىدىنمۇ ئۆتۈپتۇ. كىرىپ قارىسا، قاتار قىرىق بىر ئۆي تۇرغۇدەك، بالا بۇ ئۆيلەرگە بىر ـ بىرلەپ كىرىپتۇ. بۇ ئۆيلەردە ئادەم بالىسى كۆرمىگەن ئېسىل نەرسىلەر بار ئىكەن. ئۇ قىرىقىنچى ئۆيدىن چىقىپ قىرىق بىرىنچى ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. بۇ ئۆي ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئىشىكلىرى قاشتېشى، تۈۋرۈكلىرى ئالتۇن، تاملىرى مەرمەر ئىكەن. بالا، بۇ ئۆيگە كىرەيمۇ، كىرمەيمۇ، بۇ ھەقىقەتەن ھەشەمەتلىك ئۆي ئىكەن، ئىچىدە نېمە باردۇ، دەپ بىردەم تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، نېمە بولسا بولسۇن، بۇ ئۆيگىمۇ چوقۇم كىرىشىم كېرەك دەپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بۇ ئۆي ئاجايىپ ئېسىل جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئالتۇن تۆشەكتە تەڭداشسىز ساھىبجامال گۈزەل بىر مەلىكە كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ ئولتۇرغۇدەك. بالا قىزغا بىر قاراپلا ئاشىقى بىقارار بولۇپ، ئەقلىنى يوقاتقىلى تاس قاپتۇ. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىرھازا داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. گۈزەل مەلىكە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بالىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىللىق چىراي سالام بېرىپتۇ، بالىمۇ جاۋاب سالام بېرىپتۇ. قىز ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي ساھىبقەدەم يىگىت، بۇ يەر ئادەم كېلەلمىگەن يەر ئەمەس ئىدى، نېمە ۋەجىدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ بۇ بىر دېۋىنىڭ سىرلىق ماكانى، خەتەرلىك جاي. مەن سىزنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىڭىزنى خالىمايمەن. سىزدىن ئۆتۈنۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

قالاي، تېزدىن كېتىۋېلىڭ، بولمىسا، بىردەمدىن كېيىن دېۋە كېلىدۇ، ئۇ كېلىپ قالسا، سىزنى تىرىك قويمايدۇ، — دەپتۇ. بالىنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپ كىرمەپتۇ. ئۇ قىزنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى بىرنى قويماي قىزغا سۆزلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن:

— مېنىڭمۇ بۇ يەرگە كېلىش نىيىتىم يوق ئىدى، تەقدىر مېنى بۇ يەرگە ئەكەلدى، بېشىمغا نېمە كەلسە، شۇنى كۆرەرمەن. ئەمدى سىزنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، سىزگە باغلىنىپ قالدىم. ئېيتىڭا، ئەي گۈزەل مەلىكە، سىز ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ بۇ يەردە نېمە قىلىسىز؟ — دەپتۇ. مەلىكە ئۆزىنى تۇتالماي ئاھ ئۇرۇپ ئۇزاق يىغلاپتۇ، ئاندىن بالىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپتۇ.



— ئەسلىدە سورىمىسىڭىز بولاتتى، بوپتۇ، سوراپ قالدىڭىز، ئېيتىپ بېرەي. مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئادەم بالىسى. مەن بىر

پادىشاھنىڭ يالغۇز مەلىكىسى ئىدىم. شاھ ئاتام ماڭا ئاتاپ جاھاندا يېگانە بىر باغ ياسىتىپ بەرگەن، مەن ھەر كۈنى باغدا چۆرە قىزلار بىلەن بىللە تاماشا قىلاتتىم. دەل يەتتە يىل ئىلگىرى مەن قىرىق قىز بىلەن باغدا گۈل سەيلىسى قىلىۋاتسام، قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئىچىدە قالدىم، قورقۇپ كېتىپ ھوشۇمدىن كەتتىم. ھوشۇمغا كەلسەم، دىۋىلەر مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىپتۇ. ئاتا ـ ئانام، يۇرت ـ قوۋمىمدىن ئايرىلغىلى، ھېچقانداق ئىنسان بىلەن كۆرۈشمىگىلى يەتتە يىل بولغاندى، ئۇلارنى بەكمۇ سېغىنغانىدىم، بەختىمگە خۇدايىم سىزنى ئەۋەتىپتۇ. مېنىڭ مەيلىمچە بولسا، سىز بىلەن كەتكۈم، سىزدىن ئايرىلمىغۇم بار، بىراق بۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ دىۋە دىۋىلەرنىڭ شاھى، بارلىق دىۋىلەرنىڭ جېنى ئۇنىڭ قولىدا، ئۇ نېمە قىلىمەن دېسە قىلالايدۇ، ئەمدى كېتىڭ، دىۋىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دەپتۇ.

دېگەندەك، شۇ ئارىدا ئاسمان چاقماق چاققاندەك گۈلدۈرلەپ، ئالەمنى غەلىتە ئاۋازلار قاپلاپتۇ. قىز قورقۇپ كېتىپ بالىنى تېزدىن يوشۇرۇنۇشقا ئۈندەپتۇ. بالىنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەپتۇ ـ دە، ئالدىراپ ـ سالدىراپ قىزنىڭ قېشىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي تەلەتى ناھايىتى سەت بىر دىۋە غار ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. دىۋە ئادەمنىڭ ھىدىنى سەزگەندەك بولۇپ ئەتراپقا قاراشقا باشلاپتۇ. ئاڭغىچە بالا بىر قۇچاق ئوتۇننى ئۆزىنىڭ بېلىگە باغلاپ، دىۋىگە قەستەن ئۆزىنى كۆرسىتىپتۇ. دىۋە ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ بالىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، قاتتىق بىر چىرقىراپتۇ ۋە غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغان پېتى بالىغا ئېتىلىپ بېرىپ بىر دەم تارتقانىكەن، بالا ئۇنىڭ كاماردەك ئاغزىدىن ھېچنېمىگە تاقاشماي ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ دىۋىنىڭ ئاغزى كارامەت چوڭ ئىكەن، دىۋە ئۇنى ئاغزىغا يان-

دۇرۇپ يالماپ تاشلىماقچى بوپتۇ. بالا ئۇنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغىلى تاس ـ تاس قاپتۇ. بالا دەرھال دىۋىنىڭ تۇمشۇقىگە ئېسىلىۋاپتۇ، دىۋە ئۇنى چايناشقا ئامالسىز قاپتۇ.

بالا بېلىگە باغلاپ ئەكىرگەن ئوتۇنلىرىنى يېشىپ، دىۋىنىڭ قورسىقىغا تىزىپ ئۇنىڭغا ئوت يېقىپتۇ. ئوت تازا يال-قۇنجاپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. دىۋىنىڭ مايلىرى ئېرىپ، ئوت بارغانچە ئۇلغىيىپتۇ. بالا بەخىرامان ئوتتا ئىسسىنىپ ئولتۇ-رۇپتۇ. بىر چاغدا دىۋىنىڭ ئىچ ـ باغرى قىزىشىپ كۆيۈپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ، تېپىپچەكلەپتۇ، ۋارقىراپتۇ، ئاخىر قورسىقىدىكى بالىغا يالۋۇرۇپ:

— ئەي ئەقىللىق ئادەمزات بالىسى، ساڭا قايىلمەن، ئال-دىڭدا پۈكۈلىمەن، نېمە دېسەڭ، شۇنى قىلاي، ماڭا رەھىم قىل-غىن، مېنىڭ جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇۋال، — دەپتۇ. بالا دىۋىگە:

— ئەي دىۋە، سەن ھازىر چالا ئۆلۈك بولدۇڭ، بەربىر





www.uyghurkitap.com

كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىسەن. ئاڭلىسام، سەن دېۋىلەرنىڭ شاھى ئىكەنسەن. ئەگەر ساق قالاي دېسەڭ، بارلىق دېۋىلەرنىڭ جېنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ماڭا دەپ بېرىشىڭ كېرەك، دېۋىلەرنىڭ جېنى زادى قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ. دېۋە ئۆلۈم دەھشىتىدىن قورقۇپ، جېنىم ئامان قالار دېگەن ئۈمىدتە:

— مۇشۇ غارنىڭ ئىچى بىلەن بىر كۈن ماڭساڭ، بىر تاغ بار، تاغنىڭ ئارقىسىدا بىر دەريا بار، دەريانىڭ نېرىقى قېشىدا بىر دەرەخ بار، شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر چوڭ تاش بار، تاشنىڭ ئاستىدا بىر قۇتا بار، قۇتىنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن قۇرت بار. ئاشۇ قۇرتلار دېۋىلەرنىڭ جېنى، قۇرتلار ئۆلسە، دېۋىلەر ئۆلىدۇ، قۇرتلار ئۆلمىسە، دېۋىلەر ئۆلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭ قۇرت مېنىڭ جېنىم، — دەپتۇ.

بالا پۈتۈن سىرنى ئۇقۇپ بولغاندىن كېيىن، خەنجىرىنى ئېلىپ دېۋىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ چىقىپتۇ ۋە مەلىكىنى ئېلىپ دېۋىلەرنىڭ جېنىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ، دەرەخنىڭ تۈۋىدىكى تاشنى يۆتكىگەنىكەن، راستتىنلا بىر قۇتا چىقىپتۇ. بالا قۇتىدىكى قۇرتلارنى تاشنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ يانجىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بالا بىلەن مەلىكە دېۋىلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن دەريادا يۇيۇنۇپتۇ. بالا مەلىكىنىڭ شەھىرىگە بېرىپ، ئۇنى ئاتا - ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئۇلار يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا بىر چىرايلىق ئاق توشقان ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەپتۇ - دە، مەلىكىنىڭ پۇتلىرىغا سۈركىلىپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپتۇ. بالا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. مەلىكە:

— ئىككى يىل ئىلگىرى بۇ توشقاننى دېۋە تۇتۇپ كەلگەنىكەن، شۇ چاغدا كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ قېلىپ، دې-

ۋە ئۇنى يېمەكچى بولغاندا يالۋۇرۇپ دىۋىدىن سورىۋالغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ بېقىپ چوڭ قىلدىم. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئۆزىگە ئامراق قىلغۇدەك ئوماق توشقان، — دەپ توشقاننى باغرىغا بېسىپ سىلاشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا توشقان زۇۋانغا كېلىپ، مەلىكىگە قاراپ:

— ئى شەپقەتلىك مەلىكەم، سىز مېنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ، ھاياتىمغا يېڭى ھايات قوشتىڭىز. ئىككى يىلدىن بېرى خۇددى ئۆزىڭىزنىڭ ئامراق بالىسىنى باققاندەك بېقىپ كەلدىڭىز. راستىمنى دېسەم، مەنمۇ سىزدەك توشقانلارنىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكىسى، دادام توشقانلارنىڭ شاھىدۇر. مەن سىزنى كۆرگەندىن باشلاپ مۇشۇنداق بىر كۈن كېلىپ سىزنىڭ ئازاد بولۇشىڭىزنى تىلىگەنىدىم، شۇنداق كۈنلەر كەلسە، ياردەمدە بولارمەن دەپ سىزدىن ئايرىلمىدىم، مانا ئاخىر ياخشى كۈنمۇ كەلدى. مەن سىز بىلەن بەختلىك ئىدىم، ئەمدى سىزدىن ئايرىلىدىغان بولدۇم، — دەپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قاپتۇ. مەلىكىمۇ توشقاننىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بالىنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، توشقاننى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەي توشقان، مەن بۇ مەلىكىنى دىۋىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇردۇم، مەلىكىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن. سەنمۇ ئازاد بولدۇڭ، دىۋىلەرمۇ ئۆلدى، سەنمۇ ئاتا - ئاناڭ بىلەن تېزدىن كۆرۈشكەيسەن، ئۇلارنى پەرزەنت پىراقىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن، — دەپتۇ. توشقان:

— ئەي مەلىكەم، مەن ئۆمۈر بويى سىزنىڭ قېشىڭىزدا تۇرۇپ، ياخشىلىقلىرىڭىزنى ھاياتىم بىلەن قايتۇرۇپ، خىزمىتىڭىزدە بولاي دېگەنىدىم، سىز كەتكىلىۋاتىسىز. ناۋادا بېشىڭ-

ڭىزغا كۈن چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا: «ئاق توشقىنىم، ئاق
توشقان» دېسىڭىز مەن ھازىر بولىمەن، — دەپتۇ - دە، مە-
لىكە بىلەن خوشلىشىپ، شامالدەك يۈگۈرۈپ، قويۇق قومۇش-
لۇقلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.


مەلىكە بىلەن يىگىت بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ
قېلىشقانىكەن. بۇ ئىككىسى توغراقنىڭ سايىسىدە ئارامداپ،
بىرپەس لەۋلىرىدىن گۈل - غۇنچىلارنى ئۈزۈشۈپتۇ، چاچلى-
رىنى ھىدلىشىپ، جانلىرىغا ھاياتنىڭ شەۋقىنى باشلاپتۇ.
ئۇلار ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى ھەققىدە سۆز-
لىشىپتۇ. ئاندىن ئۇلار مەلىكىنىڭ شەھىرىگە قاراپ راۋان
بوپتۇ، ناھايىتى ئۇزاق يوللارنى ماڭغاندىن كېيىن مەلىكىنىڭ
شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ قىزىدىن ئايرىلغاندىن كې-
يىن تولا يىغلاپ كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانى-
كەن. پادىشاھ مەلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ، قى-
زىغا شاھلىق تاجىنى كىيگۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي
پادىشاھ ۋاپات بوپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچ كۆز ۋەزىرلىرى مەلى-
كىنىڭ تولۇن ئايدەك گۈزەل ھۆسنىگە ۋە ئۇنىڭ تاجىغا قاراپ
نىيەتلىرىنى بۇزۇپتۇ ۋە ھېلىقى مەلىكە ئەكەلگەن يىگىتنى
بىر ئاپەت دەپ بىلىپ، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇشنىڭ پىلانىنى تۈ-
زۈپتۇ. كۆڭلى قارا ۋەزىر ئەتىسى نامازغا كەلگەن خالايىققا:

— ئەي خالايىق، يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا مەلىكىنى بۇلاپ
كەتكەن ئالۋاستى دىۋە بۈگۈن ئادەم سىياقىغا كىرىپ، شاھى-
مىزنىڭ تاجۇ تەختىنى كۆزلەپ، مەلىكىنى ئېلىپ ئايىغى بى-
لەن كەلدى، مانا مۇشۇ شۇ، ئۇنى دەرھال باغلاڭلار! — دەپ
بالىنى جاللاتلارغا كۆرسىتىپتۇ. جاللاتلار يىگىتنىڭ پۇت -
قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي باغلاپتۇ، مەلىكىنىڭ يىغلاپ - يال-
ۋۇرۇشلىرىمۇ كارغا كەلمەپتۇ. كۆڭلى قارا ۋەزىر جاللاتلارغا

ئۇنى تىك تاغنىڭ ئۇستىدىن ھاڭغا تاشلاشنى ئەمر قىلىپتۇ. يىگىت قانچە چۇشەندۇرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆيگىنى مەلىكىد- دىن باشقا ئىشىنىدىغان ئادەم چىقماپتۇ. مەلىكە زار ـ زار يىغلاپ، قاقشاپ قاپتۇ. جاللاتلار يىگىتنى ئىگىز تاغنىڭ چوققىسىغا ئاچىقىپ پەسكە تاشلاپتۇ. يىگىت كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇرلۇقتىكى قاراڭغۇ ھاڭغا چۇشۇۋېتىپ تۇيۇقسىز سۇ- مۇرغ قۇشنى ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە: «سۇمۇرغ قۇشۇم، سەن نە- دە؟» دەپ بار ئاۋازدا چاقىرىپتۇ. سۇمۇرغ قۇش بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ھايال ئۆتمەي كېلىپ ئۇنى ئۇستىگە مىندۇرۇشكە ئاران ئۇلگۇرۇپتۇ. يىگىت ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىكەن. سۇ- مۇرغ قۇش ئۇنى قاناتلىرى ئۇستىگە ياتقۇزۇپ ئۇچۇپ، ھېلى- قى ئۆزگە تونۇش دەريا بويىغا ئېلىپ كەپتۇ. يىگىتمۇ ھوشى- غا كەپتۇ، قارىسا، قۇش ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تۇمشۇقىدا سۇ تې- مىتىپ ئولتۇرغۇدەك. يىگىت قۇشقا ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلغان- دىن كېيىنكى كەچۇرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە مەلىكى- نىڭ گېپىنى قىلىپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپتۇ. سۇمۇرغ قۇش يى- گىتنىڭ مەلىكىگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال مەلى- كىنىڭ ئوردىسى تەرەپكە ئۇچۇپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپلا ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان مەلىكىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى ھەم مەلىكىنى سېغىنىپ سەدپارە بولۇپ كېتىۋات- قانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ يىگىتنىڭ تاپشۇ- رۇقى بويىچە مەلىكىنى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. مە- لىكە يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇشال بوپتۇ. قۇش بىلەن يارىنىڭ قېشىغا كېتىشكە جان ـ دىلى بىلەن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ، قۇشنىڭ دۇمبىسىگە مىنىپتۇ. سۇمۇرغ قۇش كۆك ئاسماندا پەرۋاز ئۇرۇپ مەلىكىنى يىگىت- نىڭ قېشىغا ئەكېلىپ، ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنى كۆرۈشتۇ-

روپتۇ. يىگىت بىلەن قىز بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ، ھاياجان ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. ئۇلار كۆپ مەسلىھەتلىشىپ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، جەزىرىگە سۇ باشلاپ باغ بىنا قىلىپ، خىلۋەت ماكاندا ياشاپ ئۆتمەكچى بوپتۇ. سۇمۇرغ قۇش بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنى ئىككى قانىتىغا مىندۈرۈپ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جەزىرىگە ئەكىلىپتۇ. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولغاچقا، چاڭقاقلىق دەستىدىن بۇ ئىككىسىنىڭ تۇرغۇدەكمۇ مادارى قالماپتۇ. سۇمۇرغ قۇش سۇ ئىزدەش ئۈچۈن ئاشىق ـ مەشۇقلارنى تاشلاپ كۆككە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئارىدىن بىر كۈنگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە قۇش قايتىپ كەپتۇ. قۇش يېقىن ئەتراپتا ھېچقانداق بوستانلىقنىڭ قارىسى يوقلۇقىنى، پەقەت مۇشۇ جەزىرىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قويۇق قومۇشلۇق بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن يەنە كۆككە كۆتۈرۈلۈپ قومۇشلۇق تەرەپكە يول ئاپتۇ. ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە قومۇشلۇققا يېتىپ كەپتۇ، ئەمما سۇ دېگەننىڭ دىدارىنى تاپالماپتۇ. ئۇسسۇزلۇق جاندىن ئۆتۈپتۇ. شۇ چاغ مەلىكىنىڭ يادىغا ئاق توشقان كەپتۇ ـ دە، «ئاق توشقىنىم، ئاق توشقان» دەپ چاقىرغانىكەن، ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى ئاق توشقان نۇرغۇن توشقانلارنى ئارقىسىغا سېلىپ قومۇشلۇق ئارىسىدىن چىقىپ كەپتۇ. ئۇلار خۇشال دىدارلىشىپتۇ. توشقان ئۆزىگە قانداق خىزمەت بارلىقىنى سوراپتۇ. مەلىكە يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئاران مىدىرلىتىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. توشقان دەرھال ھەمراھلىرىغا يەرنى كولاشنى بۇيرۇپتۇ. يۈزلىگەن توشقان بىردەمنىڭ ئىچىدە چوڭقۇر قۇدۇق كولاپتۇ. يەرنىڭ تېگىدىن سۈپسۈزۈك سۇلار تەپچىرەپ چىقىپتۇ، يىگىت بىلەن مەلىكىنىڭ تەشنالىقى قېنىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى



ئايلار ئۆتۈپتۇ، قىش ئۇزاپ، باھار كەپتۇ، قۇدۇقتىن بۇلدۇقلاپ تاشقان سۇ ئەتراپقا يامراپ، چۆللۈك جانلىنىپ كېتىپتۇ. يىگىت بىلەن مەلىكە چۆللەرگە سۇ باشلاپتۇ. قۇش تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇپ يۇرۇپ زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى ئەكەپتۇ. ئۇلار ئېكىنزارلىقلارنى بەرپا قىپتۇ، ئەمما بۇلار قانچە قىلسىمۇ، چۆللۈكنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ بولالماپتۇ. ئاخىر يىگىت مەلىكە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، دىۋىنىڭ ماكاندىكى ئالتۇن ـ جاۋاھىرلارنى سۇمۇرغ قۇشقا ئارتىپ بۇ يەرگە يۆتكەپ كەپتۇ. يىگىت ياسىنىپ، سۇمۇرغ قۇشقا مىنىپ

بىر شەھەرگە يېقىن كەپتۇ ـ دە، قوشنى شەھەر سىرتىدىكى
بىر بوستانلىقتا قويۇپ ئۆزى شەھەرگە كىرىپ، مەدىكار بازى-
رىدىن يۈز مەدىكارنى قىممەت باھادا ياللاپتۇ. يىگىت مەدى-
كارلارنى باشلاپ بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ مەلىكە بار يەرگە
كەپتۇ. يىگىت مەدىكارلارنى ئىككى كۈن ئارام ئالدۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاشپەزلەرگە ئېسىل غىزالارنى ئەتكۈ-
زۈپ، كاتتا زىياپەتلەرنى بېرىپتۇ. ئۆمۈر بويى ئاچ ـ يالىڭاچ-
لىقتا ئۆتكەن بۇ ئادەملەر گويا بېھىشكە كىرىپ قالغاندەك
بولۇپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي قاپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى يىگىت
ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ:
— دوستلار، ئاكا ـ ئۇكىلار، بىز بۈگۈن بۇ چۆلگە جەم
بولدۇق، ھەممىمىز مۇشۇ چۆلنى ياشارتىپ، جەننەتتەك بىر
ماكانغا ئايلاندۇرساق، دەپ ئويلايمەن، سىلەرچە قانداق؟ —
دەپتۇ. مەدىكارلار يىگىتنىڭ سۆزىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇ-
لىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئىشلەمچىلەر بىر تەرەپتىن
تۇرالغۇ جاي سالسا، بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قاقاسلىقنىڭ ئورنىنى بوستان-
لىق قاپلاپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، بۇ يەر رەسمىي ئاۋات
شەھەرگە ئايلىنىپتۇ.

كۈنلەر ئايلارنى قوغلىشىپ ئۆتىۋېرىپتۇ. پەسىللەر ئال-
مىشىپتۇ، بىردەمنىڭ ئىچىدە باغلار بەش قېتىم چېچەكلەپ،
يەر يۈزىگە بەش قېتىم قار تۆكۈلۈپتۇ. ئەتراپتىكى يۇرتلاردىن
نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەرگە كەلگىلى تۇرۇپتۇ. بۇ شەھەر
شۇنداق ئاۋات بوپتۇكى، ئۇنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن جاھانغا
تاراشقا باشلاپتۇ. يىگىت مەردۇ مەردانىلەرنى، كۈچتۈڭگۈر
پالۋانلارنى تەربىيىلەپ زور قوشۇن تەشكىللەپتۇ.

يىگىت قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىگە خۇپىيانە ئادەم ئە-

ۋەتىپ، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپتۇ. بېرىپ كەلگەنلەردىن
مەلۇم بوپتۇكى، قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا شەھەر بولغانلىقى ۋە-
زىر ئىنتايىن زالىم ۋە ئاچ كۆز ئادەم بولۇپ، خەلقنىڭ دەردى-
هالى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدىكەن، كىشىلەر ئاچ - يالى-
ڭاچلىقتىن جان تالىشىپ قاپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان يىگىت
مەلىكە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سۇيىقەستچى ۋەزىرنى دارغا
ئېسىپ، خالايىقنى زۇلۇم چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا
قەسەم ئىچىپتۇ. يىگىت بىر ھەپتە تەييارلىق قىلىپ، لەش-
كىرىي ئەزىمەتلەرنى باشلاپ شەھەرگە ھۇجۇم قىپتۇ. زۇلۇم
دەستىدىن ئىگىرىغان خەلق بۇ ئۇلۇغ غازاتقا ئۆزىنى ئاتىشىپ-
تۇ. پۈتۈن شەھەردە قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت تۇتىشىپ كەتكەندەك،
زالىم پادىشاھقا قارشى ئۇرۇش باشلىنىپتۇ. يەتتە كېچە -
كۈندۈز جەڭ بوپتۇ، قانلار دەريا - دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ،
جەسەتلەر دۆۋىلىنىپ دۆڭلەر ھاسىل بوپتۇ. زالىم پادىشاھنىڭ
بېشى ئېلىنىپ، ئۇنىڭ بايلىقلىرىنى پۇقرالارغا تارقىتىپ
بېرىپتۇ. ئاۋام قايتىدىن كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈپتۇ. يىگىت
شاھلىق تاجىنى كىيىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى شەھەرنىڭ
پادىشاھى بوپتۇ.

ئالەم تىنچىپ، ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشكەندە، يىگىت ئاتا-
ئانىسىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ پىرا-
قىدا يىغلاپ كۆزىدىن ئايرىلغان، دادىسى ماداردىن كەتكەن-
كەن. يىگىت ئۇلارنى كاتتا تېۋىپلارغا كۆرسىتىپتۇ. ئانىسى-
نىڭ كۆزى ئېچىلىپ، دادىسى كېسىلىدىن ساقىيىپ سەللى-
مازا بوپتۇ ۋە ئوغلىدىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەپتۇ. ئۇلار
ئۆز-ئارا مېھرىبان بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك
ياشاپتۇ.

# پادشاھ بىلەن يۇھا

قەدىمكى زاماندا سەلتەنەتلىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھنىڭ ئەدلۇ ئادالىتىدىن ئەل ئامان، يۇرت پاراۋان، پۇقرالار ئىناق بولۇپ، ئىشلىرى روناق تاپقانىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ مەملىكەتنىڭ بىر سەھراسىدا تۇيۇقسىز ئادەملەر، چارۋىلار ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىشتەك غەلىتە ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر كەنتنىڭ ئادەملىرى، چارۋىلىرى، ئۆي قۇشلىرى، ھەتتا مۇشۈكلىرىگىچە تۈگەپ، كەنتتە جانلىق مەۋجۇدات قالماپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۈزبېشى مىڭبېشىغا، مىڭبېشى شەھەر ھاكىمىغا بۇ ۋەقە ۋە ئەھۋاللارنى يەتكۈزۈپتۇ. ئارقىدىنلا ھاكىمغا بۇ ئاپەتنىڭ يەنە بىر كەنتكە ئۇلاشقانلىقى، «پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمىز» دەپ تەقدىرنىڭ ھۆكمىنى كۈتۈپ تۇرغۇچىلار يۇرتىدا قېلىپ، قالغانلىرى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، مال - ۋارانلىرىنى ھەيدەپ باشقا ياقلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەپتۇ. پايتەخت شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئىنتايىن ئالاقزادىلىك ئىچىدە، پادىشاھنى شىددەت بىلەن بېسىپ كېلىۋاتقان بۇ نامەلۇم بالا - قازادىن ۋاقىپلاندۇرۇپتۇ. پادىشاھ دەرھال ۋەزىر، ئەمىر ۋە سەركەردىلىرى بىلەن كېڭىشىپ، ئۇستا چەۋەنداز،

مەرگەن، باتۇرلاردىن تاللانغان مىڭ كىشىلىك ئەزىمەتلەر قو-
شۇنى تەشكىللەپ، كۆزگە كۆرۈنمەس بۇ خىرىستىچى بىلەن
جانبازلىق قىلىش ئۈچۈن، شىكارغا چىقىش نامى بىلەن ئا-
دەمسىز قالغان كەنت تەرەپكە يۈرۈش قىپتۇ. بۇ كەنت پايان-
سىز دەشت ــ باياۋانغا تۇتاش بولۇپ، كەنتنىڭ ئۇ تەرىپىدە
ئادەم ئاياغ باسمىغان، بىر ــ بىرىدىن ئېگىز تۈگىمەس قۇم
بارخانلىرى سوزۇلۇپ كەتكەنىكەن. پادىشاھ لەشكەرلىرى بىلەن
كەنتنىڭ ئاخىرىغىچە كېلىپ، ھەممە ئەتراپنى قاتتىق كۆزد-
تىپتۇ، لېكىن جەڭ قىلغۇدەك بىرەر دۈشمەننى كۆرمەپتۇ يا-
كى بىرەر شەپىنى سەزمەپتۇ. ئۇلار بوش قالغان ئۆيلەردە يې-
تىپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئادەملەرمۇ، ئاتلارمۇ ھېچ-
قانداق زىيانغا ئۇچرىماپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ قورۇقدىلىشقا
يۈزلەنگەن يەنە بىر كەنتكە قاراپ ئاتلىنىشقا پەرمان چۈشۈ-
رۈپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا، توساتتىن بىر ئېدىرنىڭ ياز-
باغرىدىن بىر كېيىك بالىسى غىل ــ پال كۆرۈنۈپتۇيۇ، بىر
تاقلاپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پادىشاھ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ
قارىسا، كېيىك بالىسى ئېدىرنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى سايدا
قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك. پادىشاھ باشقىلارنىڭ ئۇنى ئېتىپ
ئۆلتۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن: «كېيىكنى ھېچكىم قوغلىمى-
سۇن، ئۇنى ئۆزۈم تىرىك تۇتۇپ كېلىمەن» دەپتۇ ـ دە، كې-
يىك بالىسىنىڭ كەينىدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىپتۇ. كې-
يىك بالىسى دەم كۆرۈنۈپ، دەم كۆرۈنمەي پادىشاھنى خېلى
يەرلەرگىچە قوغلاتقۇزۇپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا ئات چىپىپ دە
توختاپ، مىخ قاققاندەك تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئاتنىڭ ماغزاپ-
تەك ئايىغى كۆپۈككە چىلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئات
چارچىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا، پاد-
شاھنىڭ كۆزى ئون قەدەمچە نېرىدىلا خۇددى ئاسماندىن

چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالغان ۋە يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ئۆزۈن چاچلىق بىر ئايالغا چۈشۈپتۇ ـ دە، كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە: «بۇ ئالۋاستىمۇ نېمە؟» دېگەن ئوي كېلىپ، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كېتىپتۇ، لېكىن دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— كىمسەن؟ تۇر ئورنۇڭدىن ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ پادىشاھقا لاپپىدە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، ئولتۇرغان جايىدا ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى ئېگىپ پادىشاھقا سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ ۋە:

— ئەي زاتى شېرىپ، مەن سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيمەن، ئەمما سىياقىڭىزدىن قارىغاندا سەركەردىلەردىن ئوخشايسىز. مەن كېتىۋېتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پۇتۇمغا قۇيۇن ئۇچۇرتۇپ كەلگەن بىر چوڭ تاش تېگىپ ئوشۇقۇمنى زەخىملەندۈرگەنىدى، شۇڭا ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم، كەچۈرگەيسىز، — دەپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندە، كۆن ئاشۇ جايدىن يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلۈپ چىققاندەك، ئەتراپ پاللىدە يورۇپ كەتكەنىكەن، ئەمدى ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالىغا قوڭغۇراقتەك يېقىملىق ئاۋازى قوشۇلۇپ پادىشاھنى مەپتۇن قىلىۋاپتۇ. پادىشاھ ئىختىيارسىز ئاتتىن چۈشۈپ ئايالنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۇ ئەمدىلا ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بىر قىز ئىكەن. پادىشاھ، مەن بىر ھۆر ـ پەرىگە يولۇقتۇممۇ نېمە، دەپ ئويلاپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە شۇئان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قىزغا بولغان ئىشتىياق ئوتى ئۇلۇغ بىر گۈلخاندەك لاۋۇلداشقا باشلاپتۇ، كۆڭۈل تەختىنى بولسا بۇ سۆيگۈ سۇلتانىنى ئىستېلا قىپتۇ. قىز پادىشاھنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋابەن:

— بىز ئاتا ـ ئانىمىزدىن بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇرەلگەنمىز. ئاكامنىڭ ئىسمى خۇرشىد ئىدى، مېنىڭ ئىسمىم

خۇرشىدە. ئاكام جان بېقىش تەھلىكىسىدە ئىش ئىزدەپ چى-
قىپ كەتكەنىدى، قايتىپ كەلمىدى. يېقىندا قانداقتۇر بىر نا-
يىب ۋابانىڭ كاساپىتىدىن ئاتا ـ ئانام بىر كېچىدىلا ئۆلۈپ قال-
دى، مەن قورقۇپ يۇرتۇمنى تاشلاپ قېچىپ چىقىپ، نەگە
بېرىشىمنى بىلمەي مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، كۆتۈلمىگەندە
پېشكەللىككە ئۇچراپ يارىلاندىم، بەختىمگە يارىشا خۇدايىتائالا
ماڭا سىزنى يەتكۈزدى، — دەپ سۆزدىن توختاپتۇ. قىزنىڭ
ئۇچىسىدىكى كىرلىشىپ كەتكەن ماتا كۆڭلەك، بېشىدىكى
ئۆڭۈپ كەتكەن كونا دوپپا، پۇتىنىڭ يالاڭ ئاياغلىقى ئۇنىڭ
ئىنتايىن نامرات ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىدىن دېرەك
بېرىپ تۇرىدىكەن. پادىشاھ قىزنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەت-
مەكچى بوپتۇ، لېكىن ئېتىغا مىنگەشتۈرمەكچى بولغاندا، ئات
زادىلا مىندۈرمەپتۇ. پادىشاھ:

— بۇ ئات يات ئادەمنى مىندۈرمەيدىغان قىلىپ ئۆگى-
تىلگەنىدى، مەن سىزگە ئادەم ئەۋەتىمەن، — دەپ، ئېتىغا
مىنىپ قايتىپ كېتىپتۇ ۋە ئادەم ئەۋەتىپ قىزنى ئالدۇرۇپ
كېتىپتۇ.

ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن قىزنى تېۋىپقا داۋالىتىپ-
تۇ. پادىشاھ خۇرشىدە ئۈچۈن مەخسۇس قەسىر ساراي بىنا
قىلىشنى باش ۋەزىرگە تاپشۇرۇپتۇ ھەمدە قەسىر پۈتكەندىن
كېيىن كاتتا توي قىلىپ قىزنى نىكاھىغا ئالىدىغانلىقىنى
جاكارلاپتۇ. ئەمما، پادىشاھ تاقەت قىلالماي توينى قەسىر پۈت-
كەندە ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، قىزنى نىكاھىغا ئېلىۋاپتۇ. شۇ-
نىڭدىن كېيىن ئوردىدىكى ئېسىل ئاتلار، كالىلار، قويلاردىن
كۈندە بىرەرى، توخۇ، ئۆردەك، غازلاردىن بىرنەچچىسى ئىز -
دېرەكسىز يىتىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. دەسلەپتە ئات باقارلار-
مۇ، پادىچى ـ چۆپانلارمۇ، ئۆي قۇشلىرىغا قارايدىغانلارمۇ «يا-

رىماسلار» دېيىلىپ، ئەيىبلىنىپ بالاغا قېلىشتىن قورقۇپ، ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. ئەمما، بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاخىر ۋەقەنى چارۋا ئىشلىرى ۋەزىرىگە مەلۇم قىلىپ، ئۇ ئارقىلىق پادىشاھنى ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈپتۇ. باش ۋەزىر بىر ئىشقا ئالاھىدە زەن قويۇپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۇ پادىشاھقا:

— ئەي كەرەملىك شاھىم، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن، تەختىڭىز مۇستەھكەم بولسۇن. ئىلىمىزنىڭ پادىشاھىسىز، پۇقرالىرىمىزنىڭ ھاياتىنى قالماسلىقى ئۈچۈن بىر مۇھىم گەپنى ئېيتىشقا ئىجازەت قىلسىڭىز، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

— سۆزلەڭ، — دەپتۇ پادىشاھ. ۋەزىرئەزەم پادىشاھنى چوڭ بىر تامئەينەكنىڭ قېشىغا ئەكېلىپ:

— شاھىم، ئەينەككە قاراپ چىرايىڭىزنى كۆرۈپ بېقىڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ ئەينەككە قاراپلا چىرايىنىڭ ساماندەك سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە تاقەتسىزلىك بىلەن:

— ئەي ۋەزىرىم، بۇ نېمە ئالامەت؟ تېز بايان قىلىڭ، — دەپتۇ.

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، مەن يېڭى مەلىكىمىز خۇرشىدەنىڭ ئادەمزات جىنسىدىن ئىكەنلىكىگە شەكلىنىمەن. بۇنىڭ بىرىنچى ئىسپاتى، سىزنىڭ چىرايىڭىزنىڭ مۇردا تۈسىنى ئالغانلىقى، يەنە بىرى، ئوردىدىكى ئات، كالا، قويلارنىڭ غايىب بولۇشى، — دەپتۇ باش ۋەزىر. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قاپتۇ ھەمدە ئىزتىراپ بىلەن ۋەزىرىگە:

— ئەي ۋەزىرئەزەم، سىزچە خۇرشىدە ئادەمزات بولمىسا، ئۇ نېمە؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ.

— ئۇ يۇھا، — دەپتۇ ۋەزىر، — يىلان قىرىق يىل يا-

شىغاندىن كېيىن ئەجدىھا بولارمىش، ئەجدىھا قىرىق يىل ئۆمۈر كۆرگەندىن كېيىن يۇھا بولارمىش، يۇھا قىرىق يىلدىن كېيىن ئادەمزاتقا، ھەر خىل ھايۋانلارغا ئۆزگىرەلەيدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولارمىش. مەن ئوردىمىزدا يۈز بەرگەن ئالامەتلەرگە قاراپ خۇرشىدەنى يۇھالىق دەرىجىسىگە يەتكەن يالماۋۇز دەپ قەتئىي ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىقمەن، ئادەمسىز قالغان ئىككى كەنتنىمۇ مانا مۇشۇلار قۇرۇقدىۋەتكەن.

— مۇشۇلار دېگىنىڭىز نېمىسى، بۇ يالغۇز ئەمەسمۇ؟ — دەپ دەرھال سوراپتۇ پادىشاھ تېخىمۇ ۋەھىمە ۋە ئەندىشە ئارىلاش.

— بۇلار بىر جۈپ ئەر - خوتۇن يۇھا بولۇشى چوقۇم. بىرى ئوردىغا كىرىۋالدى، يەنە بىرى سەھرادا قالدى. بىرى ئىچكىرىدىن، بىرى سىرتتىن بىزنى خاراب قىلىشقا تۇتۇندى. ھازىر يەنە بىر كەنتىمىزنىڭ جانلىقسىز قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى، — دەپتۇ باش ۋەزىر.

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ ۋەزىرگە قاراپتۇ بالانى يوقىتىمەن دەپ چىقىپ قازانى ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلىپ كىرگەن پادىشاھ «خۇرشىدە»نىڭ «خۇرشىد» توغرىسىدىكى باياناتلىرىنى ئەسلەپ.

— ئالدى بىلەن سىزنىڭ گۇمانىڭىزنى تۈگىتىش كېرەك، ئاندىن سىز بۇ بالايىئاپەتنى يوق قىلىشقا قەتئىي ئىرادە باغلايسىز، خۇرشىدەدىن مېھرىڭىزنى ئۈزىسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز شاھلارغا خاس جەسۇرلۇق، زىرەكلىك ۋە تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن خۇرشىدەنى كۆزىتىپ كۆرۈڭ. بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى ئاددىي. مەن ئېرىقلاردىكى سۇنىمۇ توختىتىۋېتىمەن، پەقەت ئوردا كۆلىنىڭ سۈيىگە تەگمەيمەن. بۈگۈن تۈزلۈقراق تاماق يەڭلار، ياتار چاغدا چىنە - چەينەكلەردە بىر

يۇتۇمىمۇ سۇ قالمىسۇن، قالغىنىنى ئۆزىڭىز كۆرۈپ بىلىۋالدىسىز، — دەپتۇ باش ۋەزىر.

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەچتە ئاشپەز مەخسۇس تۇزلانغان گۆش، تۇزلانغان بېلىق بىلەن تاماق ھازىرلاپتۇ. پادىشاھ خۇرشىدە بىلەن بىللە غىزالىنىپتۇ. كېچىسى مەلىكە ئۇسساپ كېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇلۇق ئىچمەكچى بوپتۇ، ئەمما چەينەكلەردىن بىر يۇتۇممۇ سۇ تاپالماپتۇ. ئېرىقتىن سۇ ئىچىش ئۇچۇن ھويلىغا چىقسا، ئېرىقمۇ قۇرۇق تۇرغۇدەك. ئىلاجسىز يېنىپ كىرىپ ئورنىدا يېتىپتۇ، ئەمما ئۇسسۇزلۇقتا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىدىيالماپتۇ. ئاخىر يىلان سۇرىتىگە كىرىپ، ئاستا سوزۇلۇپ بېشىنى تۈگۈلۈكتىن چىقىرىپ كۆلدىن سۇ ئىچىپتۇ. ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى قۇچاقلاپ ياتقان پادىشاھ بەدىنىگە تەگكەن ئۇدۇمىش سوغۇق ئەتتىن شۈركۈنۈپ، جىنى قەپىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتكۈدەك بوپتۇ، پۈتۈن ئەزايىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كېتىپ-تۇ. يىلاننىڭ سۇنى غۇرتۇلدىتىپ يۇتۇۋاتقانلىقى، سۇنىڭ ئۇنىڭ قارنىغا شارىلداپ ئېقىپ كىرىۋاتقانلىقى پادىشاھقا ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ بىر كېچىنى مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ ئاران تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ...

— دانا ۋەزىرىم، ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى دەلىللەن-دى. بۇ ۋەھشىينى تېزرەك يوقىتىشقا ئەقىل كۆرسىتىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ ۋەزىر ئەزەمگە.

— يېڭى مەلىكىمىز ئۇچۇن ياسىلىۋاتقان ھەرەمباغنى ئوتتۇز كۈن ئىچىدە پۈتتۈرىمەن. سىز بۇگۈنلا مەلىكىگە بىر ئايدىن كېيىن توي ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇڭ. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە ئىشىڭىزنىڭ ئالدىراشلىقىنى سەۋەب قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولماڭ، — دەپتۇ ۋەزىرئەزەم پادىشاھقا.

پادىشاھ بىر كۈنى كەچتە «خۇرشىدە»نىڭ ھۇجرىسىغا كىرسە، «خۇرشىدە» ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يىغلاپ ئول-تۇرغۇدەك. پادىشاھ ئۇنىڭدىن يىغلاشنىڭ سەۋەبىنى سوراپ-تۇ. «خۇرشىدە»:

— خۇرشىد ئىسىملىك بىر ئاكامنىڭ بارلىقىنى سىزگە ئېيتقانىدىم، كاشكى ئۇ يېنىمىزدا بولغان بولسا، ئاتا - ئا-نامنىڭ يوقلۇقىمۇ ئانچە بىلىنمىگەن بولاتتى، مەن تەرەپتىن-مۇ بۇ قۇتلۇق شاھانە مەرىكىمىزنىڭ بېشىدا تۇرۇپ بېرىدىغان بىر ئىگە بار بولاتتى، دەپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، كۆز يېشىمنى

توختىتالمايۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەلىكەم، ئاكىڭىزنىڭ سىزنىڭ نامىڭىزنى ئىشىتىپ يېتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، مەن توي جاكارسىنى قەغەزگە نامە قىلىپ مەملىكىتىمىز تەۋەسىدىكى ھەممە شەھەرلەردىن تارتىپ يېزا - قىشلاقلارغىچە ۋە باشقا پادىشاھلىقلارغىچە ئەۋەتتىم، — دەپتۇ پادىشاھ. مەلىكە پادىشاھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ۋەزىر ئەزەم قۇيمىچىلارنى يىغىپ پولاتتىن تۇخۇمسىمان بىر ئۆي قۇيدۇرۇپتۇ. بۇ ئۆينىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئېچىپ - يېپىشتا مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن باشقۇرىدىغان قىپتۇ. ئىشىك - دېرىزىلىرى يېپىق تۇرغاندا، شۇنداق ھىم بولىدىكەنكى، يىڭنىنىڭ كۆزىدەك بىرەر يوچۇقمۇ قالمايدىكەن. باش ۋەزىر ھەرەمباغنىڭ مۇشۇ ئۆينى ئورۇنلاشتۇرىدىغان جايىغا ناھايىتى چوڭ، چوڭقۇر بىر كۆل قازدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئوتۇننى سەرجانلاپ تىزدۇرۇپتۇ. ئوتۇننىڭ ئۈستىنى سۇۋاتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پولات ئۆينى قوندۇرۇپتۇ. مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەرنى، گۈل - گىياھلارنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئەكېلىپ كۆچۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر ئاي ئىچىدە پادىشاھنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ كۆركەم، ھەرقانداق پادىشاھلىقتا يوق، ھەممىگە مەنزۇر بولغۇدەك بىر ھەرەمباغ قەد كۆتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپتۇ.

توي باشلىنىپتۇ. تويىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئوردىبېگى پادىشاھقا سىرتتا بىر يىگىتنىڭ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ: «ئېلىپ كىرىڭ» دەپتۇ. ئوردىبېگى يىگىرمە ياش ئەتراپىدىكى نەۋقىران

بىر يىگىتنى باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ يىگىت مەلىكە خۇرشىدەگە شۇنداق ئوخشايدىكەنكى، بىر قېلىپتا قۇيغاندەك ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ، مەلىكە ئەر سىياقىغا ئۆزگىرىۋالدىمۇ نېمە، دې-گەننى كۆڭلىدىن كەچۈرمەيمۇ قالماپتۇ.

يىگىت سالام ـ سەھەت بەجا كەلتۈرۈپ، پادىشاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىگەندىن كېيىن، تويىنى مۇبارەكلەپتۇ ۋە بەخت تى-لەپتۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ مەلىكە خۇرشىدەنىڭ ئاكىسى خۇرشىد ئىكەنلىكىنى ئايان قىلىپ، پادىشاھقا تۇغقان بولۇۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. پادىشاھ ئىز-زەت ـ ئىكرام بىلەن خۇرشىدنى مەلىكە خۇرشىدە ئولتۇرغان تۇخۇمسىمان ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. «ئاكا ـ سىڭىل» قۇ-چاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. پادىشاھ «خۇرشىد»نى تۆرگە چىقىرىپ، ئالدىغا كاتتا داستىخان سېلىپ، ئالاھىدە كۈتۈۋاپتۇ. سازلارنىڭ يېقىملىق ساداسى، ناخشىچىلارنىڭ بۇلبۇلدەك خۇش ناۋاسى ھەرەمباغنى چاڭ كەلتۈرۈپتۇ، رەققاسلارنىڭ نەپىس ئۇسسۇللىرى بۇ يېڭى سارايغا جۇلا قوشۇپتۇ. ھەتتا «خۇرشىدە»مۇ: «بۇ قىزىل كىيى-گەن تامامىي قىز كېنىزەكىمدۇر مېنىڭ، جىلۋە ـ جىلۋە ھەر تەرەپ سەدجامە گۈلگۈندۇر بۇگۈن» دەپ غەزەلخانلىق قى-لىپ كېتىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن، پادىشاھ:

— ئەمدى ھەممىڭلار قايتىڭلار، بۇ ئاكا ـ سىڭىل بىردەم ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال ئېيتىشىپ مۇڭدىشىۋالسۇن، — دەپتۇ. ئۆيدە «ئاكا ـ سىڭىل» ئىككىسىلا قاپتۇ.

ۋەزىر ئەزەم تۇخۇمسىمان ئۆينىڭ ئاستىدىكى ئوتۇنلارغا پاتمانلاپ ياغلارنى چېچىپ، بىرنەچچە جايدىن ئوت ياقىدىغان قىلىپ پۇختا تەييارلىق كۆرگەنىكەن. باشقىلار ئۆيدىن چى-

قىپ بولۇشىغا، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى مەخسۇس باشقۇرۇش ئەسۋابى بىلەن بېكىتىپ، ئوت يېقىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. «خۇرشىد» بىلەن «خۇرشىدە»دىن ئىبارەت بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن يوھا تېپىشىپ، ئۆز مەئىشەتلىرى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى قىرغىنچىلىق پىلانلىرى ئۈستىدە بەخىرامان سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۆي ئاستا ـ ئاستا ئىسسىشقا باشلاپتۇ، بولۇپمۇ ئۆينىڭ ئاستى تەرىپى بەك قىزىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئىشىكنى تاپالماپتۇ، تامنى ئۇرۇپ بېقىپتۇ. ھېچكىم جاۋاب بەرمەپتۇ. شۇ چاغدىلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەند قىلىنغانلىقىنى بىلىپ، يىلان سۈرىتىگە كىلىپ ئۆينى تېشىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۆينىڭ تېمىغا ئۇرۇپتۇ، بىراق ئۆي ئۇياقتىن ـ بۇياققا دومىلاپ، بارغانچە ئاستىغا چۆكۈپتۇ. ھەر قېتىم دومىلىغاندا، ئۆينىڭ ھەممە تەرىپى تېخىمۇ تەكشى قىزىپ ئاتەشكە ئايلىنىپتۇ، بارا ـ بارا قىپقىزىل چوغ بولۇشقا باشلاپتۇ. يوھالار ئاخىرقى قېتىم بىرلىكتە بار كۈچى بىلەن ئۆينىڭ چوغ بولغان جايىغا ئۇسۇپتۇ، بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئىككى يوھانىڭ بېشى بوينىغىچە سىرتقا چىقىپتۇ، لېكىن ئاسمان ـ پەلەك كۆيۈۋاتقان ئوت ئۇلار ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنى قانداق دەم تارتقان بولسا، ئۇلارنىمۇ خۇددى شۇنداق ئۆز قەھرىگە ئېلىپ يۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇلار چارسىلداپ كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پادشاھ «شەرىئەت ئىزدىسەڭ ئۆلتۈر يىلاننى، تەرىقەت ئىزدىسەڭ ئاغرىتما جاننى» دېگەندىن ئالدىنقىسىنى تاللىۋېلىپ، تەرىقەتچىلەرنىڭ كۆزقارىشىدىن كاللىسىنى ئازاد قىپتۇ. چۈنكى، پادشاھنىڭ تاللىۋالغىنى ھاياتلىق يولى ئىكەن. يىلاننى ئۆلتۈرمىسەڭ، ئۇ سېنى چېقىپ ئۆلتۈرىدىكەن، بار ـ يوقۇڭنى دەم تارتىپ تۈگىتىدىكەن.

[General Information]
书名=维吾尔民间故事 8　维吾尔文
SS号=40250817